

ئۆمەر ئىمىن

# نىدا

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئۆمەر ئىمىن
نىدا
ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

## نىدا

ئازاب ئىچرە تولغۇنۇپ، قىلماقتىمەن ھەر كۈن نىدا،
ئاڭلا يا رەب زارىمنى، بولماستا جان تەندىن جۇدا!

ئىشىق ئوتى ئەل-ۋەتەننىڭ قىلدىلەر مەجنۇن مېنى،
ياقا-يۇرتتا ئەقلى - ھۇشۇمدىن بولارمەنمۇ ئادا؟

ئانا يۇرتتىن ئايرىلغاننىڭ دەرد -زارى يامانكەن،
ياشارمەنمۇ يىراق ئىچرە بولۇپ بىر غېرىب - سەۋدا؟

ۋەتەنسىزلىك ئىكەن ماكانىدىن ئازغان بىر قۇش ،
ئۆتەرمەنمۇ  نىشانسىز ھېلى چۆل، ھېلى سايدا؟

قۇترغاج ياۋا تۇگگۇز، ۋەتەن بېغىم بولدى خازان،
قاچان كېلەر نەۋ باھار دەپ ئۆتەرمۇ ئۆمۈر داغدا.

ياشىساممۇ ۋەتەندە مەن، چۆلدە، تۇپا -تاشلىقتا،
بىلەتتىم مەن ئۆزۈمنى بېھىشتىكى  ھەرەم -باغدا.

بەلكى يوقتۇر مەندەك ۋىسال ئاشناسى بىر ئىنسان،
قويمىغايسەن مەن قۇلۇڭنى تۈگىمەس بۇ ھىجراندا.

پەرۋەردىگارىم يەتسە گەر،ئاھۇ -زارىم دەرگاھىڭغا
شۇ روھىم بولاردى شاد، ئالساڭمۇ جاننى ھەرئاندا.

ئۆمەر ئىمن

# نىدا

## شېئىر، داستان ۋە روبائىيلار

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

# كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقى ئاپتورىغا ئائىت



Basımevi
72 Tasarım Ltd. Şti. (kitap72)
Merkez: Fakülteler Mah. Dirim Sok. Nu: 25
Cebeci / Çankaya / ANKARA
206 7 444

ئاپتورى: ئۆمەر ئىمىن
تەھرىرلىگۈچى: ئەردەم
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەد تۈركىستانى
بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى
**2016 - يىل 11 - ئاي**

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى



ئالاقىلاشقۇچى:

**Tel: 0090 536 982 00 00**
**www.uyghurbahari.com**
**Email: info@uyghurbahari.com**



ئاپتور ئۆمەر ئىمىن

2016 ـ يىلى ميۇنخىن، گېرمانىيە

## مۇندەرىجە

ئاپتوردىن.................................3
ندا .........................................17
ۋەتەندىن ئايرىلدىم..........................19
ۋەتىنىم .....................................21
ۋەتەننى ساتما .............................23
تارىخىمدۇر خانلىق – جۇمهۇرىيەت...........25
تۇن ۋە قۇياش ..............................28
ئىسيانكار تىلەك...............................30
كۆك مايكىلىق قىز ناخشىسى................32
دىمە ..........................................34
ئاقار يۇلتۇزغا ................................36
مەن ئۇمىدۋار ...............................38
بىر ئۇيغۇرغا ................................40
مىللىتىڭنى ئاتمىغىن ........................42
نامايىش قىلدۇق..............................44
مەسلىھىتىم شۇ .............................46

قىزلىرىمنى ئېلىپ كەتمە........................48
سۈكۈت.....................................50
قورچاق ساقچىغا ...........................52
سېنى بوغار ئەل قەھرى .......................54
نوچىلارغا تەنبىھ ...........................56
تەنقىد ...................................58
ئەردوغان..................................60
بىزنىڭ دەۋرىمىز يېتىپ كېلىدۇ ...............62
خۇدا بىزگە بېرىدۇ ..........................63
روپاشخان - ئىپارخان........................65
ۋەتەننى ساتتىڭ ...........................69
دىيدىڭ ..................................72
5 – ئىيۇلنى ئۇنۇتما ........................74
تىبەتلەرگە ئافرىن...........................76
مەسىلە تۈگمەيدۇ...........................81
جانانىغا .................................85
كېتەرمەن..................................87
پارچىلار ..................................89
تېمىسىز پارچىلار ...........................94
رابىيە قادىر ھەققىدە داستان..................99
خاتىمە...................................133

كەمىنە ئاپتور ئاقسۇنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر خەلقىگە بالا-قازا ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغان دەۋردىكى دەرەخلەر پوتىلا تاشلاپ، گۈل - گىياھلار چېچەكلەشكە باشلىغان، كائىنات يېشىللىققا پۈركۈنۈپ، ھاياتلىق كۆكلەشكە باشلىغان چاغدا، ئائىلىدىكى توققۇز بالىنىڭ سەككىزىنچىسى بولۇپ تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئاتام رەھمەتلىك ئۆيىمىزدە يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن بىردىن - بىر كىتاب بولغان قۇرئاننىڭ ئاخىرىدىكى بوش يېرىگە ئېنىق يىل، ئاي، كۈننى يازمايلا «شىجاۋ (مەدەنىيەت ئىنقىلابى) نىڭ بېشىدا ئەتىيازدا تۇغۇلغان» دەپ خاتىرىلەپ قويغان ئىكەن.

مەن ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويۇپ، كىملىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا تۇغۇلغان يىل، ئاي كۈنۈمنى دەپ بېرەلمەي جىق قىينالغان ئىدىم. ئاتا - ئانامغا خەت يازسام، «بالام سەن شىجاۋ (مەدەنىيەت ئىنقىلابى) ئەتىيازدا تۇغۇلغان» دەپ جاۋاب كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە، مەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ باشلانغان يىلنى كىتاب - ماتېرىياللاردىن تېپىپ چىقىپ، ئۆزەمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1966 -يىلى 5 -ئاي دەپ بېكىتىۋالغان ئىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ۋاقىت مېنىڭ قەغەزدىكى تۇغۇلغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

بارلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئۇدۇم بولغان ئاتا - ئانا، بوۋا - مومىسىدىن چۆچەك ئاڭلاش بالىلىق ۋاقىتلىرىمىدا ماڭىمۇ نېسىپ بولغان ئىدى. ئانام جىق تۇغقان ئايال بولغاچقا ئىشلىمەي ئائىلىدە بالا بېقىش ۋە يىپ - يىڭنە ئىشى (تىككۈچىلىك) نى قىلىش بىلەن ئۆتكەن ئىكەن. ئانام بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆيدە بىزنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، بەزىدە خۇلۇم - خوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى قوشۇپ بىر يەرگە يىغىپ ، ھەرخىل قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ سەبىي قەلبىمگە ھەممىدىن تەسىر قىلغىنى: «شەھەر(دۆلەت)گە پادىشاھ تاللاش» ئىسىمدىكى چۆچەك ئىدى. بۇ چۆچەكتە مۇنداق مەزمۇن بايان قىلىناتتى: مەلۇم بىر ئۇيغۇر شەھىرى (دۆلىتى) نىڭ پادىشاھى قازا قىلىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىزباسارى بولىدىغانغا ئۆز پۇشتىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، شاھ ئوردىسىدىكىلەر ئاقىلانىلىك بىلەن خەلق ئىچىدىن شاھ تاللاشنى قارار قىلىشىدۇ. بۇ تاللاش مۇنداق بولىدۇ: پادىشاھ ئوردىسىدا بېقىلىۋاتقان بىر ھۇما قۇشى بولۇپ، ئۇ سىرتقا ئۇچۇرۇلۇپ قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ پادىشاھ قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ. بىر كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى كەڭ مەيدانغا يىغىلىپ، ھۇما قۇشى قويۇپ بېرىلىدۇ. ھۇما قۇش ئايلىنىپ كېلىپ، بىر كەمبەغەل ياش يىگىتنىڭ بېشىغا قونىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ يىگىت بۇ ئۇيغۇر شەھىرى (دۆلىتى) نىڭ پادىشاھى بولۇپ، دۆلەتنى ئادىل باشقۇرۇپ، ئەلنى رازى قىلدۇ.

ئوقۇش يېشىمغا توشۇپ، مەكتەپ ھاياتىم باشلاندى. ئوقۇش ۋە يېزىش ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن ئەقلىممۇ ئۆسۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئانامدىن ئاڭلىغان ۋە كىتابلاردىن ئوقۇغان چۆچەكلەرنى باشقا باللارغا سۆزلەپ بېرىشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۇ زامانلاردا ئۆيلەردە تېلېۋىزور بولمىغاچقا، ئويناشقا چىققان باللار ئويۇنىمىز تۈگەپ، ھاردۇق يەتكەندە بىر يەرگە يىغىلىپ چۆچەك ئېيتىشاتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، مېنىڭ ئېيتىدىغان چۆچىكىم «شەھەر (دۆلەت)گە پادىشاھ تاللاش» ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، يېشىم چوڭىيىپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئانامدىن دائىم: «ئانا، نېمىشقا ھازىر بىزنىڭ پادىشاھىمىز يوق؟ بىزمۇ ھۇما قۇشىدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزىمىزگە پادىشاھ تاللىساق بولمامدۇ؟» دەپ سورايتىم. ئانام بۇنىڭغا ئېرىنمەي تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرەتتى: «بالام، ھۇما قۇشىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر پادىشاھلىرىمىز ياتلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ھۇما قۇشىمۇ بىرگە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياتلار بىزگە پادىشاھ تاللىغىلى قويمايدىغان بولۇشتى. بىزگە ئۆزلىرى پادىشاھ

بولۇۋېلىشتى».

ئانامنىڭ بۇ جاۋابىغا سەبىيلەرچە «ھە! شۇنداقمۇ؟» دەيتىم-يۇ، ئەمما ئۆزەمچە ھېچ قانائەت قىلمايتىم. يەنە مۇنداق سۇئاللارنى سورايتىم: «ئانا، بىزنى نېمىشقا ياتلار بېسىۋالىدۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ ھۇما قۇشىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ پادىشاھىمىزنى تاللىغىلى قويمايدۇ؟» ئانام بۇ سۇئاللىرىمغا بەزىدە خاپا بولغاندەك قىلاتتىيۇ، يەنە مۇنداق دەيتى: «بالام، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بىزدىن ئىلگىرىدىكىلەر، دانالار بۇ ھەقتە كىتابلار يازغانمىش، نەسىھەتلەر قالدۇرغانمىش. ئەمما كېيىنكىلەر كىتاب ئوقۇمايدىغان، نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا بىز خەق ئۆز پادىشاھىمىزنى تاللىيالمايدىغان بولۇپ قالدۇق». «ھە مۇنداقكەندە!»- دەيتىم ئۆز - ئۆزۈمگە ھەمدە: «ئۇ كىتابلار نەدىدۇ؟ مەن ئۇ كىتابلارنى چوقۇم تېپىپ ئوقۇيمەن!» دەپ پىچىرلاپ قوياتتىم.

ئاشۇ ئىستەك تۈپەيلىدىنمىكىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ھەرخىل تارىخ، ھېكايە - رومان كىتابلارنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئىجتىمائىي پەن كەسپىنى تاللاپ ئىمتىھان بەردىم ۋە ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «سىياسىي نەزەرىيە كەسپى»گە

ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندىم. مەن ئوقۇغان بۇ «سىياسىي نەزەرىيە كەسپى» مەندە ھېچبىر رازىمەنلىك شەكىللەندۈرەلمىدى. چۈنكى، بۇنىڭدا ماركسىزملىق نەزەرىيە، مىللەت - دۆلەتچىلىكنىڭ يوقۇلىشى، دىنسىزلىق تەشەببۇس قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ مىللەتچىلىك، كوممۇنىزىمنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشى تەتقىق قىلىناتتى. شۇڭا مەندە باشقا كەسىپكە ئالمىشىش ئىستىكى پەيدا بولدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئامال قىلالمىدىم، ئوقۇشنى مەجبۇرىي داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۇنداق ئويلا، بۇنداق ئويلا بۇنىڭغىمۇ بىر چارە تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا قىزىقىش بولدى ۋە ئوقۇشتىن سىرىت، بوش ۋاقىت تاپسىلا تارىخ ۋە ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇدۇم ۋە تەتقىق قىلدىم. بۇنىڭدىكى مەقسىدىم، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن نەسىھەتلەرنى، دۆلەت قۇرۇپ ئۆز پادىشاھىمىزنى تالليالماسلىقىمىزنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىش ئىدى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ماڭا بىرەر ئالىي مەكتەپ ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەش نېسىپ بولمىدى. باشقا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردەك تۆۋەنگە سۈرگۈن قىلىندىم، چۈنكى، مەن ئوقۇغان 80 -يىللاردا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي ۋە دېموكراتىيە ئېڭى كۈچەيگەن بولۇپ، 1985

1988 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا ۋە 1988 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇندا ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇق تەلەپ قىلىش دېموكراتىك نامايىشى يۈز بەرگەن ئىدى. مەن مۇ بۇ ئىككى قېتىملىق نامايىشنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىدىم. شۇڭلاشقا دائىرىلەر تەرىپىدىن قارا چېكىت قويۇلغان ئىشەنچسىز ئۇنسۇر سانىلاتتىم. ئۇ زامانلاردا يەنە خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر تۇتاش خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا، تەقسىمات بۇيىچە، خىتاينىڭ ئاتالمىش پارتىيە مەكتەپلىرىدىن بىرى بولغان تۇقسۇ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندىم. خىزمەت باشلىغاندىن كېيىن ھېس قىلدىمكى، خىتاينىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى قىزىل ئاكتىپلارنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. سەللا دىققەت قىلمىسام بۇ يەردە چىرىپ، بىر سېسىق كوممۇنىستقا ئايلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمما، مېنىڭ ئانام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىن كېلىپ چىققان ئەسلى غايەم بولغان ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھىنىڭ تاللىنىشى، يەنى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن غايەم دىلىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يىلتىز تارتقىلىق ئىدى.

خىزمەت باشلاپ ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتتى. رەھمەتلىك ئانام(ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن)

مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى تۇگەپ كەتكەچكە تۇققانلىرىم بالدۇرلا ئۆيلەپ قويۇشتى ۋە ئالاھىدىلىككە ئىلتىپاتى بىلەن ئىككى بالىلىق بولدۇم. مەندە بۇ ۋاقىتتا ئائىلىدىكى تۇرمۇش لەززىتىدىن باشقا ھېچبىر مەمنۇنىيەت شەكىللەنمىدى. مەن خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ناھىيىدە خۇددى باشقا بارلىق جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكىگە ئوخشاش يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ زۇلۇم سىياسىتى، چىرىك ئىجتىمائىي مۇھىتى مەندە خىتايلارغا بولغان نەپرەت تۇيغۇمنى كۈچلەندۈرمەكتە ئىدى. تۆۋەندىكى دېھقانلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، تۈگىمەس ئالۋاڭ - سېلىقلار، مەجبۇرىي ھاشارغا ئىشلىتىش، مەجبۇرىي پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى قاتارلىق 20 - 21 -ئەسىردىكى دۇنيادا مەۋجۇت بولمىغان، ئىنسانلىققا يات قىلمىشلار قەلبىمنى ئازابلاشقا باشلىدى. مەندە «ھەي! بەس بولمىدى! بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى بىز ئۇيغۇرلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىكەن. بىز چوقۇم زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشىمىز لازىمكەن» دەيدىغان كۆز - قاراش كۈچىيىشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشكە باشلىدىم. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئوخشاش ئىدىيىدىكى 5-6 نەپەر دوستقا ئۇچرىدىم، ئۇلار بىلەن پىكىرلەشتىم، سىرداشتىم. ئاخىر پىكىر بىرلىكىمىز شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن، 1994

-يىلى 2 -ئاينىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈندە 6 كىشى مەخپىي بىر جايغا يىغىلىپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى تۇتۇپ قەسەم بېرىپ، «شەرقىي تۈركىستان ھەققانىيەت پارتىيەسى»نى قۇرۇپ چىقتۇق. مەن بۇ پارتىيەنىڭ تەشكىللەش - تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنىپ بەلگىلەندىم. پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىشنى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى ئويغۇتۇش؛ ھاراق - تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى چەكلەش؛ ئاددىي - ساددا بولۇش؛ ھەشەمەتلىك توي - تۆكۈن قىلماسلىق؛ كەمبەغەل، تۇل - يېتىملارغا يار - يۆلەكتە بولۇش قاتارلىق ئەمەلىي، جىددىيي قىلىشقا تىگىشلىك پائالىيەتلەردىن باشلىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، نۇرغۇن ياشلار ھاراق ئىچىشتىن چېكىندى. زەھەر چېكىشنى تاشلىدى. توي - تۆكۈن ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى، نۇرغۇن ياشلار ئەتراپىمىزغا يىغىلدى.

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بىزنى جىددىيي پايلاۋاتقانلىقى، ئىزىمىزغا چۈشكەنلىكى بىز تەرەپتىنمۇ سېزىلدى. تەشكىلات رەئىسىمىز بۇ ئەھۋالغا قاراپ، پائالىيەتنى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكۈزۈش ۋە پۇرسەت كۈتۈش توغۇرلۇق قارار بەردى. ئۆزى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى كۆزۈتۈش ئۈچۈن سودا

قىلىش باھانىسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىگە يول ئالدى. بىز بۇيرۇق ۋە پۇرسەت كۈتۈپ تۇردۇق. 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە «ئاۋسترالىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» نىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. مۇئاۋىن رەئىسىمىز بىزنى جىددىي يىغىلىشقا چاقىردى، بىز يىغىلىپ، قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. كۆپچىلىكنىڭ قارارى بىلەن بىر نەچچە مۇھىم جايدا پارتلىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلاتماقچى بولدۇق. بۇنىڭدىن باش رەئىسىمىزنى خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. تېلىفوندا بۇ گەپلەرنى دېيىش ئەپسىز ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن باش رەئىسىمىز بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، باش رەئىسىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇھىم بىر پىلان ئۈستىدە جىددىي سۆزلىشىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. باش رەئىسىمىز خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا سودا قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرىۋاتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ھازىر ئارقىسىغا پايلاقچى چۈشكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىگە كەلسە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، مېنىڭ بېيجىڭغا كېلىشىمنى ئەمر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يولغا چىقىش تەييارلىقىغا تۇتۇندۇم.

بۇ ۋاقىتتا توقسۇدىكى سەپداشلىرىم «ئاۋستىرالىيە ئىنسان ھەقلىرى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كېلىپ بولغانلىقىنى خەۋەر تېپىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن پارتلىتىشنى قارار قىلغان ئىكەن. 6 -ئاينىڭ 14 -كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە بىر ئورۇن، توقسۇ بازىرىدا ئىككى ئورۇن بىرلا ۋاقىتتا پارتلىتىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى پارتلاشتىن قاتتىق ئالاقزادىلىشىپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن سەپداشلىرىمنى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باش رەئىسىمىز مېنىڭ جىددىي يولغا چىقىشىمنى، بولمىسا مېنىڭمۇ تۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مەن بىلەت ئېلىپ ئىچكىرىگە يولغا چىقتىم، ئەمما ناھايىتى ئەپسۇس، مەن بىز كۆرۈشمەكچى بولغان بېيجىڭدىكى مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر كوچىسىدا يەنە بىر ۋەھىملىك خەۋەرنى ئاڭلىدىم. باش رەئىسىمىز بىر قانچە دوستلىرى بىلەن بىرگە مىللەتلەر ئىنستىتۇتى يېنىدىكى ياتىقىدىن تۇتۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەنمۇ تۇتۇلۇپ كېتىلىشىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىر نەچچە ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم ۋە پاسپورت سودىگەرلىرى ئارقىلىق پاسپورت ھەل قىلىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدىم ۋە بۇ يەردىكى باشقا دوستلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ياۋروپاغا بېرىشنى قارار قىلدىم.

چۈنكى، بۇ دوستلار ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ مەركىزىنى ياۋروپاغا يۆتكەشنى ئۈمىد قىلىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىياغا باردىم. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق گېرمانىيەگە كېلىپ، سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم ۋە ئىلتىماسىم «سىياسىي ئىلتىجاجى» دەرىجىسىدە تونۇلۇپ قوبۇل قىلىندى. ئارىدىن 13 يىل ئۆتكەندە قاچاق يوللار ئارقىلىق ئائىلەمنى گېرمانىيەگە ئېلىپ كېلىش نېسىپ بولدى. كېيىن گېرمانىيەدە تۇغۇلغان يەنە بىر بالام بولۇپ، جەمئىي 3 پەرزەنتلىك بىر ئائىلە بىلەن 20 يىلدىن بېرى گېرمانىيەدە ياشاۋاتىمەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مېنىڭ بۇ قىسقا تونۇشتۇرۇشۇمنى قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئوقۇغانلىقىڭىزغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئاخىرقى يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر. مەزكۇر شېئىرلار توپلىمىنى نەشىر قىلدۇرۇش ئارزۇيۇم خېلى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلۈمدە بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەب بىلەن رويابقا چىقماي كەلگەن ئىدى. سەۋەب نېمە دېگەندە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي بىرلىكى، ۋەتەن داۋاسىدىكى سېستىمىلىق تەشكىللىنىش تېخى ئەمدى ۋۇجۇدقا چىقىۋاتقان ئەھۋالدا ئەدەبىي مەيدان - نەشرىياتچىلىقنىڭ مۇھىت - شارائىتى تېخى شەكىللەنمىگەن ئىدى. يېزىلغان ئەسەرلەرنى

ئېلان قىلىدىغان ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرناللىرىمىزمۇ ئاز بولىدى. ياكى ھەقىقىي بىر ئەدەبىي مۇھىت شەكىللەندۈرۈلمىدى.

نىھايەت، تور دۇنياسى بارلىققا كېلىپ، ھەر خىل سىياسىي ۋە ئەدەبىي تور سەھىپىلىرى يورۇققا چىقتى. «كۆك بايراق»، «ئەينەك»، «ۋەتىنىم» قاتارلىق تور بېكەتلىرى قۇرۇلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا مېنىڭ ئەسەرلىرىمنۇ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان مۇھىتقا ئېرىشتى. قەلەم ئېتىممۇ يورغىلاشقا باشلىدى ۋە بىر تۈركۈم ماقالە ھەم شېئىرلارنى يېزىش ۋە ئېلان قىلىشقا مۇۋەققەق بولدۇم. مانا ئەمدى يېشىمنىڭ ئەللىككە تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر توپلامنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن. مېنى قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە، كىتابىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلغان ئەردەم ئەپەندىگە، جۈملىدىن مېنىڭ بۇ توپلىمىمنى نەشىر قىلغان «ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى» ۋە نەشرىيات مەسئۇلى تۇرغۇنجان ئەپەندىگە ئاللاھدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.



# نىدا

ئازاب ئىچرە تولغىنىپ، قىلماقتىمەن ھەر كۈن نىدا،
ئاڭلا يا رەب زارىمنى، بولماستا جان تەندىن جۇدا!

ئىشق ئوتى ئەل-ۋەتەننىڭ قىلدىلەر مەجنۇن مېنى،
ياقا-يۇرتتا ئەقلى - ھۇشۇمدىن بولارمەنمۇ ئادا؟

ئانا يۇرتتىن ئايرىلغاننىڭ دەرد -زارى يامانىكەن،
ياشارمەنمۇ پىراق ئىچرە بولۇپ بىر غېرىب - سەۋدا؟

ۋەتەنسىزلىك ئىكەن ماكانىدىن ئازغان بىر قۇش ،
ئۆتەرمەنمۇ نىشانىسىز ھېلى چۆل، ھېلى سايدا؟

قۇترىغاچ ياۋا تۈڭگۈز، ۋەتەن بېغىم بولدى خازان،
قاچان كېلەر نەۋ باھار دەپ ئۆتەرمۇ ئۆمۈر داغدا.

ياشىسامتىم ۋەتەندە مەن، چۆلدە، توپا ـ تاشلىقتا،
بىلەتتىم مەن ئۆزۈمنى بېھىشتىكى ھەرەم ـ باغدا.

بەلكى يوقتۇر مەندەك ۋىسال ئاشناسى بىر ئىنسان،
قويمىغايسەن مەن قۇلۇڭنى تۈگىمەس بۇ ھىجراندا.

پەرۋەردىگارىم يەتسە گەر، ئاھۇ ـ زارىم دەرگاھىڭغا
شۇ روھىم بولاردى شاد، ئالساڭمۇ جاننى ھەرئاندا.

# ۋەتەندىن ئايرىلدىم

(ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق. - مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا )

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
ياۋ كېلىپ بېغىڭنى غازاڭ قىلغاچقا.
نەپرىتىم تاشقانتى دەريا - دېڭىزدەك،
خەلقىمنى قاقشىتىپ، يۈرەك تىلغاچقا.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
زالىملار زۇلۇم سېلىپ ئارام بەرمىگەچ.
كۆڭلۈم غەش شۇ كۈندىن تاھازىرغىچە،
سېنىڭسىز دۇنيادا خۇشلۇق كۆرمىگەچ.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
قىلغاچقا سەن ئۈچۈن قۇت-ھەرىكەت،
گەر مەغلۇپ بولسامۇ ئۈمىد ئۈزمىدىم،
كېلەرمەن ھامىنى غازى بوپ بىر رەت.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
قەسەملەر بەرگەنتىم سېنى  قوغداشقا.
جىسمىممۇ، روھىممۇ سېنى دەپ تىترەر،
يات ئەلدە تۇرساممۇ ئەھدىم بولغاچقا.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
ئوتتۇڭدا كۆيۈشكە چەت جايدا   تۇرۇپ.
سەن ئۈچۈن ئەقدەم زەر تەۋرەنمەس،
سېنى دەپ يىغلىدىم كۆز يېشىم تولۇپ.

# ۋەتىنىم

جاھان رەنالىرى ئىچرە سۆيگۈمنىڭ تاجى ۋەتىنىم،
سېنى دەپ يانار يۈرەك، ئاشىقى-بىقارارىم ۋەتىنىم.

ئالسام نەپەس ھاۋارىڭدىن ، يايرايدۇ جېنىم مېنىڭ،
جانغا ھوزۇر بەرگۈچى،خۇش- ئارامگاھىم ۋەتىنىم.

بولمىغاندۇر سەنسىز ھېچ بەختى-ئىقبالىم پارلاق،
سەن بولغاچقا ھاياتىم خۇش، شادىمانىم ۋەتىنىم.

گۈل - غۇنچىلار بولدى باغىڭدا، گۈزەل بىر لالىگاھ،
گۈزەللىك بابىدا تەڭداشسىز، گۈلدىيارىم ۋەتىنىم.

ماڭسام تاغ-جىرالاردا، ئوتلىرىڭ بولاردۇر پاياندار،
يانتاق-تىكەنلىرىڭمۇ گۈلدۇر، چىمەنزارىم ۋەتىنىم.

باغدا بۇلبۇل سايرىشار، تاغ باغرىدا كاككۇكلىرىڭ،
مۇقاملىرىڭ بىباھا گۆھەر، دىلغا ئارامىم ۋەتىنىم.

ئوغلانلىرىڭ ئۇدۇم ئالغان ئەجدادىدىن مەردلىكنى،
قىزلىرىڭ گويا ھۆر-پەرى، شاھىنشاھىم ۋەتىنىم.

تارىخىڭ شانۇ- شەۋكەتلىك، مۆجىزىلەرگە تولغان،
مەدەنىيەتىڭ گۈلتاجى، ئىلىم – ئىرپانىم ۋەتىنىم.

تاغۇ- دەريا، يەرلىرىڭ كان-مەدەنلەرگە تولغان،
ئالتۇن-كۈمۈش،مايلىرىڭ ئەلگە دەرمانىم ۋەتىنىم.

سەلتەنەتلىك تەخت قۇرغان، ئەجدادىم شاھ بولۇپ،
ئەزەلدىنلا ھۆر ئىدىڭ، ئەركىن دىيارىم ۋەتىنىم.

ۋەتىنىم، ئەي ۋەتىنىم، ساڭا تەڭ ئەمەس ھېچ يەر،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر پىدا، جان ئانامسەن ۋەتىنىم.

# ۋەتەننى ساتما

ئەي دوستۇم، بولساڭ ئەر ۋەتەننى ساتما،
سۈت بەرگەن ئانام دەر، ۋەتەننى ساتما.

تۇپراقتىن يارالغاندۇر هاۋا ۋە ئادەم،
ئەزىزدۇر ئۆز تۇپرىقىڭ، ۋەتەننى ساتما.

تۆكۈلگەن كىندىك-قان ئانا تۇپراققا،
تېنىڭ هەم كۆمۈلەر ۋەتەننى ساتما.

ئالغانسەن نەپەسنى تىنىپ هاۋادىن،
ساڭا جان بەرگەن يەر ۋەتەننى ساتما.

ئىلاهىم رىسقنى چاچقان شۇ تۇپراققا،
بەرىكىتىڭ ئانا يەر، ۋەتەننى ساتما.

مىراس ئۇ ئەجدادتىن بىزلەرگە قالغان،
ئەۋلادنى ئويلا ھەردەم، ۋەتەننى ساتما.

ۋەتەننى سۆيۈشتۇر ئىمان جۈملىسى،
ئىمانىڭ بولسا گەر ۋەتەننى ساتما.

ئەخلاقتۇر ئىنساننىڭ گۈزەل خىسلىتى،
ئەخلاقىم بار دېسەڭ ۋەتەننى ساتما.

ۋەتەنسىز خارۇ-زار تا ئەلمىساقتىن،
ھاياتىم خۇش دېسەڭ ۋەتەننى ساتما.

ۋەتەن دەپ جان بەرگەن كۆپ شېھىتلەر،
غازى بولۇپ سانالساڭ ، ۋەتەننى ساتما.

ھۆر ۋەتەن ئىنسانغا شانۇ-شەرەپتۇر،
شان-شەرەپ ئىستىسەڭ ۋەتەننى ساتما.

## تارىخمدۇر خانلىق – جۇمھۇرىيەت

ئىككى جۇمھۇرىيەت، دۆلىتىم، تەختىم مېنىڭ،
مۇستەقىللىق، ھۆر ـ ئازادلىق بەختىم مېنىڭ.

ئوغۇز خاقان تۇنجى بولۇپ ئوقيانى ئاتقان،
ئۇ زامان باشقىلار تېخى ئۆڭكۈردە ياتقان.

ئاتىللانىڭ قەھرى ئېشىپ ، يانى كەرگەننى،
باش ئەگمىگەن رەقىبنى قوغلاپ سۈرگەننى.

ئالىپ ئەرتۇڭا تارتسا نەر شەرق تىترىگەن،
قورقىنىدىن خەنزۇدى سېپىل تىكلىگەن.

ئىدىقۇتتا مۇيۇنچۇرخان قۇچتى چوڭ زەپەر،
بەشبالىقنىڭ شۆھرىتى تۇم ئالەمگە يېتەر.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قۇردى چوڭ خانلىق،
تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان، ئىز سالدى شانلىق.

قاراخانلار دۇنيادا تاپتى بەكمۇ كۆپ شۆھرەت،
چىقتى ئالىم، پالۋانلار، ئاشتى كۈچ- قۇدرەت.

مەھمۇد، يۈسۈپ ھاجىپلار يازدى چوڭ دىۋان،
مەپتۇن بولۇپ شاھلارمۇ قالدى بەك ھەيران.

سەئىدىيە خانلىرى خەلقىنى بەك شاد ئەتتى
سەنئەتتى ۋە مۇقامى ئالەملەرگە داڭ كەتتى

ئۇيغۇر شۇنداق ياشىغان، شۆھرەتكە تولۇپ،
قالدى بۈگۈن نە سەۋەب قۇدرىتى سولۇپ؟

كەلدى تەگسىز غوجىلار، قارا ۋە ئېقى،
چىقتى ئەلدە نەس-نىزا، تەخت چاتىقى.

باشلاپ كەلدى ياۋلارنى ئاپپاق شۇم - نيەت،
چۇشتى ئۇيغۇر قۇللۇققا ، مۇنقەرزدۇر دۆلەت.

ئۇيغۇر بولماس ئەبەدىي دۈشمەنگە قۇل،
سالدى يەنە قوزغىلىپ ئازادلىققا ھۇل.

قۇردى ئىككى جۇمھۇرىيەت قەشقەر، ئىلدا،
يېزىلدى بۇ تارىخ بولۇپ، ئۇيغۇر دىلدا.

قانلار بىلەن پۈتۈلگەن بۇ تارىخ ھامان،
دۈشمەنلەرنى لەت قىلار، كەلگەندە زامان.

ئۇيغۇر قۇرار ھامىنى مۇستەقىل دۆلەت،
ھاكىم بولۇپ يۇرتىغا، تىكلەر سەلتەنەت.

# تۇن ۋە قۇياش

زەر چاچقان تولۇنئاي شۇڭغۇسا تۇنگە،
قارىيار كائىنات بىر پەس سۈكۈتتە.
ئارقىدا تۇرماقتا قۇياشمۇ ماراپ،
چىقار ئۇ يېرىپ تۈن، كۆپ ئۆتمەي يەنە.

تۈن شۇنچە قارايسا يۇلتۇز چاقنايدۇ،
ئەكسى ئۇ قۇياشنىڭ زېمىنغا قايتقان.
جەزمەنكى ئاشۇ تۈن مۇتلەق ئەمەستۇر،
ھامىلدار ئۇ چوقۇم يورۇققا باققان.

گەر قۇياش تارقاتسا ھارارەتلىك نۇر،
ئۆتەر ئۇ زۇلمەتنى بۆسۈپ شاپپىدە.
شۇ ئاندا تارايدۇ ئۇپۇقتىن يورۇق،
سۈزۈلەر كۆك ئاسمان يورۇپ پاللىدە.

ۋەتىنىم ئايلاندىڭ ھازىر بىر تۈنگە،
يورۇقتىن قالمىدى سەندە ھېچ ئەسەر.
تۇرماقتا زالىملار قامچا ئوينىتىپ،
مەھكۇمدۇر خەلقىمىز، سولاققا بىرەر.

كۆرەڭلەپ كەتمىگىن قاراڭغۇ جۇت-تۈن،
بولىسەن سەن تەسلىم ئاخىر قۇياشقا.
چاچسا گەر شۇ قۇياش نۇرىنى تەكشى،
قاچىسەن تون سېلىپ يىراق-يىراققا.

## ئىسيانكار تىلەك

(خيالچان تىلەككە ئارىيە)

كۈتەر مىللەت بىزدىن ئالىي تىلەكلەرنى،
چىڭ تۇرەيلى كۈرەشكە قەتئىي بىلەكلەرنى.
ئازادلىقلا يوق قىلار زۇلۇم - دەردلەرنى،
غەلىبە باقار ساتمىساق باتۇر-مەردلەرنى.

ئارزۇيىمىز قالماقتا خيالدەك تۇتۇق،
قورقاقلىققا سالايلى مىيىت قىلىپ يوپۇق.
شىجائەتتىن ئالايلى نەپەسنى قويۇق،
مەدەت قىلار بىزلەرگە سۇلتانى-سۇتۇق.

ھۇشقۇتماقتا جۇت-قىراۋلار ئەزىز تۇپراقتا،
ئەكس ئەتتى ئاھۇ-زارلار ھەتتا ياپراقتا.
گەر قىلمىساق شۇ ۋەتەننى ئازاد پاتراقتا،
قالار روھى مەزلۇملارنىڭ دەشتى-خارابتا.

ئاتا-بالا، قىز-خانىملار تەلمۈرەر     تاڭغا،
مەرد يىگىتلەر چىقالماسمۇ قارىماي جانغا.
قالماس ھەرگىز ئىرادە باغلىنىپ     سانغا،
ئات سالساقلا سېغىز-تاشمۇ ئايلىنار چاڭغا.

ھەممە خەلق كارۋانلاردەك توپلانسا بىرگە،
قىلمىسىلا گەر خىيانەت تۇغۇلغان  يەرگە.
شەپقەت كېلەر ئىلاھىمدىن ناتىۋان ئەلگە،
ئاشار شۇندا ئارزۇ-ئارمان، چىرايدا كۈلكە.

# كۆك مايكىلىق قىز ناخشىسى

(5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىكى كۆك مايكىلىق ئۇيغۇر قىزغا بېغىشلايمەن)

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
چۈشكەنمۇ روھىڭ كۆكتىن نۇر پېتى.
ئېتىلدىڭ ياۋغا خۇددى بۆرىدەك،
ئەمگەنمۇ يا سەن كۆك بۆرە سۈتى!

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
دۈشمەن ئالدىدا كەردىڭسەن كۆكرەك.
جەڭگاھغا چۈشتۈڭ غەزىپىڭ بىلەن،
بۆرىدىن كۆچكەنمۇ ساڭا بۇ يۈرەك.

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
ئالغانمۇ سەن كۈچ ھۆرلەردىن كۆپلەپ.
نامايىش قىلىپ چىقسا مەزلۇم ئانىلار،
سەپ تارتتىڭ سەنمۇ ھەقىقەت كۆزلەپ.

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
كىيىمىڭ كۆك، لېكىن قەلبىڭ ئاپئاق.
خەلقىڭ يىغلىسا كۆز يېشىن تۆكۈپ،
سۈرتتۈڭ ياشنى بولۇپ كۆك ياپراق.

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
سەن نەدە ھازىر، سېنى تېز يوقاتتۇق.
ئۆچۈپ كەتتىڭمۇ ، ھۆر - پەرى بولۇپ،
سېنى ئەسلەپ بىز ھەسرەتلەر چەكتۇق.

نەقرات:
كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
سەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرىلىك قىزى.

## دېمە

باھارنى ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ دېمە!
زۇلمەتنى ئەبەدىي، كەتمەيدۇ دېمە!

ياشنايدۇ باھاردا جىمى مەۋجۇدات،
قۇياشنىڭ نۇرىنى يەتمەيدۇ دېمە!

نەۋ باھار كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ بىزگە،
ئۈيغۇرنى بەختىيار ئەتمەيدۇ دېمە!

ئۈمىد ۋە ئارزۇدا گۈللەيدۇ ئىنسان،
خەلقىمنى ھېچقاچان كۈلمەيدۇ دېمە!

تۇپراقنى ئىگەللەپ، خوجايىن بولۇپ،
جازالاپ، ئۆلتۈرسەم توگەيدۇ دېمە!

ئەمەسمىز تېرورچى ھەمدە بۆلگۈنچى،
تۆھمەت قىپ دۇنيانى بىلمەيدۇ دېمە!

چەكتۇرۇپ-ئىچتۇرۇپ، زەھەر-ئاقنى
ئۇيغۇرنىڭ نەسلىنى بۇلغايمەن دېمە!

يوقاتسام تىلىنى، دىن-ئېتىقادىنى
ئىندىياندەك ئۇيغۇرمۇ يوقايدۇ دېمە!

ئۆزىنىڭ يېغىدا، ئۆز گۆشىنى قورۇپ،
تالاتسام ئۆز-ئارا ئېتىلىدۇ دېمە!

پۇل بىلەن ئالدىسام بۇ نادانلارنى،
ئىمانى دات بېسىپ، سېتىلىدۇ دېمە!

ئاتىمىز ئاتقانكەن ئوقنى بەكمۇ چالا
بۇ مىللەت ئەمدى ئوق ئاتمايدۇ دېمە!

قۇتۇلۇش زۇلمەتتىن قەسەمنامىمىز،
ھۆرلۈكچۈن قوزۇقلار قاقمايدۇ دېمە!

بارچە خەلق ئىستەيدۇ ئەركىنلىكنى
ئۇيغۇرنى يەنە ھۆر بولمايدۇ دېمە!

# ئاقار يۇلتۇزغا

چىققان ئىدىڭ كېچىدە پارلاپ،
تۈمەن يۇلتۇز سەركىسى ئىدىڭ.
تالىشىپ سەن قۇرداشلىرىڭدىن،
نۇر – زىيالار ئەركىسى ئىدىڭ.

قىلىپ خىرىسسەن تۈنگە روبىرو،
زەرلىرىڭنى ھەم سانجىغان ئاڭا.
زۇلمەتلەرنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ،
چاقنىغانتىڭ بەك، پارقىراپ راسا.

يېتىرقىغان تۈنمۇ سەندىن بەك،
نۇرلىرىڭدىن سۇسلاشقان تىنىپ.
ئۆتسەڭ شۇڭغۇپ قېتىغا ئۇنىڭ،
سۇزۇكلەشكەن ئەپتىدىن يېنىپ.

ئىزناستىڭ يورۇقىنىڭ سەن بىر،
نۇرىڭدىن مەن ئۈمىد قۇچاتتىم.
ئەمما بولدۇم ھەيرانە بىر چاغ،
تاڭدىن ئاۋۋال سېنى يوقاتتىم.

نەگە كەتتىڭ ھەي ئاقار يۇلتۇز،
ئېقىپ چۈشۈپ سىڭگەنچە يەرگە.
قاچتىڭمۇ يا، تۈندىن بېزىرىپ،
پىنھانە قالغان باشقا ئالەمگە.

## مەن ئۈمىدۋار

بىر كۈن كېلەر ھىدايەتكە مەن ئۈمىدۋار،
ئەلگە ھۆرلۈك، ئادالەتكە مەن ئۈمىدۋار،
كۆزدىن يىتەر جاھالەتكە مەن ئۈمىدۋار،
ئىلىم – ئىرپان، مەرىپەتكە مەن ئۈمىدۋار،
ئەل شادىمان ، سائادەتكە مەن ئۈمىدۋار.

يۇرتىمىزدىن يات قەۋمنى قوغلاپ چىقارساق،
ئېزىش-قىرىش ، زۇلۇمنى تامام يوقاتساق،
خەلق بولسا ئۆزى ھاكىم ، تۇغلارنى ئاسساق،
ئادالەت ھۆكۈم سۈرسە ، بەختكە تولساق،
ئەركىن-ئازاد، ھۆرىيەتكە مەن ئۈمىدۋار.

ئۇيغۇرمۇ ئىنسان بولسا دۇنيا-ئەللەر قاتارى،
ئەركىن بېرىش- كېلىشلەرگە ئاچسا يوللارى،
دۆلەت بولۇپ قىلسا ھەم ياخشى رول جارى،
باغدا بۇلبۇل، ئۆيدە دۇتتار سايرىسا  بارى،
تىنچ-پاراۋان، شاد -ھاياتقا مەن ئۈمىدۋار.

خەلقىم ئالسا شان-شەرەپنى قايتىدىن  قولغا،
جۇشقۇنلۇقتا قەدەم قويساق يېڭى بىر  يولغا،
چۆل-باياۋان، تاغۇ –تاشلار ئايلانسا   باغقا،
بولسا يۇرتۇم گۈل-چېچەكلىك  سەيلىگاھقا،
بارچە  كۈلگەن ھۆر  دۆلەتكە مەن ئۈمىدۋار.

ئەل-جامائەت، يۇرت ئىشلىرى گەر ياشنىسا،
ئىلىم-ئىرپان، يېڭىلىقلار  تۇم-تولۇپ تاشسا،
زاۋۇت-قۇرۇلۇش، پابرىكلار كۆپلەپ قۇرۇلسا،
ئېتىز- ئېرىق ، دېھقانچىلىق كەڭ راۋاجلانسا،
خەلقىم تەشنا شۇ نۇسرەتكە مەن  ئۈمىدۋار.

## بىر ئۇيغۇرغا

ئەي قېرىنداش ئىدىڭغۇ سەنمۇ بىر ئۇيغۇر،
نېمە ئۈچۈن ساتتىڭ مېنى؟ مەنمۇ بىر ئۇيغۇر.

ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادىدۇق تاشتەك ئۇيۇشقان،
نېمە بولدۇق غاجىلىشىپ، تۇرماي بوغۇشقان.

ئەلمىساقتىن باتۇر ئىدۇق، تىنترەيتتى رەقىب،
ئايلاندۇق بىز قورقۇنچاقغا ئەتراپقا بېقىپ.

ئىجاد قىلغان قەغەز بىرلە تۆت كەشپىياتنى،
پاتتۇق ھازىر جاھالەتكە، دوست تۇتۇپ ياتنى.

يازغان ئىدى مەھمۇد، يۈسۈپ شانلىق داستانلار،
بىزلەر يازدۇق شۇئار - غەيۋەت، پىتنە-پاساتلار.

بېرىلدۇق بىز ئەيش-ئىشرەت، كەيىپ - ساپاغا،
ئوقىمىغاچ ئىلىم - ئىرپان، قالدۇق ئېغىر جاپاغا.

بولالمىدۇق چۈمۈلىدەك ئۈم، تۆھمەت ئارتىشتۇق،
ئۇنى تاز دەپ، بۇنى مازدەپ هامان تارتىشتۇق.

دۈشمەن ئالدى غەنىيمەتنى جەڭگى- جىدەلدىن،
بېسىۋېلىپ، قىرىپ- چاپتى، ئايرىلدۇق ئەلدىن.

ئات ئايلىنىپ تاپىدىغۇ ئاخىر ئۆز ئوقۇرىنى،
قاچان تاپار جان ئۇيغۇرۇم خانلىق ئورنىنى؟

چىققان ئىدى ئارىمىزدىن نى- نى قەھرىمان،
يەنە چىقار ئەلگە سادىق كۆرمىڭ پەھلىۋان.

كەلدى پۇرسەت، كەلدى دەۋر كۆرەشنىڭ مانا،
ئۇيۇل تاشتەك بولايلى بىز چېچىلماي يانا!

# مىللىتىڭنى ئاتىمىغىن

(ئەسلىنى ئۇنۇتقان بەزى ساقچىلىرىمىزغا)

مىللىتىڭنى ئاتىمىغىن، دەردىگە دەرد قاتمىغىن،
ساقچى بولساڭ خىتايغا، ئۇيغۇرۇڭغا ياتمىدىڭ.

تارتىۋاتسا مىللىتىڭ دەرد-زۇلۇمنى ھەسسىلەپ،
ئېسىۋېلىپ قارا كۆسەي، ئىشتىنىڭغا پاتمىدىڭ.

قويىۋۇالسا چاچ-ساقال، ئارتىۋالسا ئاق رومال،
ساڭا نەرى تاقاشتى، بۇنىڭغا بەك خاپىتىڭ.

كىيىۋالسا چىم دوپپا، ئۇزۇن كۆينەك گۈل كوپتا،
ئۆرپ-ئادەت ئەمەسمۇ! سەن بۇنىڭغا باتىنىدىڭ.

كوچا-دوقمۇش قاتىراپ، ئۇرۇپ-سوقۇپ ساۋىدىڭ،
ئىت قالدىغۇ بىر ياقتا، بىر سۆڭەككە قاۋىدىڭ.

ماراقچىتىڭ ئۆيلەرگە، ھەتتا مەسچىت-تۆرلەرگە،
يېزىپ قارا تىزىملىك، غوجاكاڭغا كۆپ داتلىدىڭ.

ئۇنتۇپ سەن ئۆزەڭنى، كىملىكىڭ ۋە نەسلىڭنى،
بولماقچىمۇ ماڭقۇرت، مىللىتىڭنى ياتلىدىڭ.

سەندە ھېچبىر قالمىدى ۋىجدان ھەمدە ئىنسانلىق،
بولۇپ قالدىڭ بىر قاۋان، ئەسكىلىكتە ھارمىدىڭ.

ئەمدى بىلدۇق ئەپتىڭنى، ئىچىڭنى ۋە تېشىڭنى،
ئەمەسكەنسەن بىزلەردىن، قۇزغۇنلارغا يارمىدىڭ؟

# نامايىش قىلدۇق

قىلدۇق بىز بۇگۇن نامايىش زۇلۇمغا  قارشى،
يىغىلغانتۇق كۆپ ئۇيغۇرلار كونسۇل ئالدىغا.
كۆتۇرۇشتۇق ھەر خىل تاختاي-لوزىنكىلارنى،
تۇرگەن ئىدۇق قاپاقنى قاراپ  ئەجدارھاغا.

تىزىلغانتى قېرىنداشلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ،
چۆمگەن ئىدى ھەممە بىردەك  ھاياجانغا.
تىترەيتى قەلبلەرمۇ ۋەتەن دەپ   سوقۇپ،
ھومياتتۇق ماراپ تۇرغان تۆت كۆز قاۋانغا.

مەخسىدىمىز تەلەپ قىلىش   ھوقۇقىمىزنى،
توۋلىدۇق بىز ھەرخىل شۇئار تىنچ ئۇسۇلدا.
تارقىتاتتۇق  تەشۋىق-ۋاراق يەنە بىر ياقتىن،
يېغىپ كەتتى ئەتراپلاردىن ھېسداشلىق سادا.

بولسىمۇ گەرچە نامايىش تىنچ بىر قارشىلىق،
ئۇرغۇتقانتى قەلبىمىزدە دۈشمەنگە نەپرەت.
بويسۇنمىغان ئۇيغۇر ھېچ بىر تاجاۋۇزچىغا،
ئۆچمەيدۇ كۆرەش ئوتى ئەبەدىل-ئەبەت.

## مەسلىھەتىم شۇ

ئوغلۇم ئويلىغىن خەلقىڭنى مەسلىھەتىم شۇ،
ۋەتەن سۆيۈش مۇقەددەستۇر مەسلىھەتىم شۇ،
يىراق تۇرغىن ساتقۇنلىقتىن مەسلىھەتىم شۇ،
قىلما دوستلۇق ناكەسلەرگە مەسلىھەتىم شۇ،
رازى قىلغىن ئاتا-ئاناڭنى مەسلىھەتىم شۇ.

ئەل بولمىسا تىنچ-ئامان پاراغەت بولماس،
گەر بولمىسا ۋەتەن ئازاد، ساخاۋەت بولماس،
سالسا زۇلۇم يات قەۋملەر، شاپائەت بولماس،
قوغدىساڭ ئۆز ئەركىڭنى، قاباھەت بولماس،
ئازاد قىلغىن ئۆز ئىلىڭنى مەسلىھەتىم شۇ.

تىرىش- تىرماش ئىلىم-پەننى هارماي ئىگەللە،
غۇرۇر- ۋىجدان، ئەخلاقىڭنى دىلغا تۇگەللە،
شۇملۇق خۇيلۇق هۇرۇنلۇقنى هەرئان كىشەنلە،
قىلىپ ئىجاد-كەشپىيات، چىق يۇقۇرى پەللە،
تۆھپە يارات خەلقىڭگە بەك مەسلىھەتىم شۇ.

ئىناق-ئىجىل ياشىماق بىر ئەھدىڭ بولسۇن،
ناھەقلىققە تىغدەك سانجىل قەھرىڭ بولسۇن،
چىداملىق بول مۇشەققەتكە سەبرىڭ بولسۇن،
خەلق- يۇرت ئىچىدە ھەم قەدرىڭ بولسۇن،
غۇرۇر-ئەخلاق ئەر زىنىنتى مەسلىھەتىم شۇ.

گەر قازانساڭ شانۇ-شەرەپ ھەم مەغرۇرلانما،
ياخشىلىققا بولغىن تەييار،ھېچ ھەييار بولما،
سۆزلە ھەقنى ۋاقتى كەلسە شاھتىن يانما،
مىللىتىڭ ۋە ھەق دىنىڭدىن ھەرگىز تانما،
قىممەتلىك ياخشى خىسلەت مەسلىھەتىم شۇ.

# قىزلىرىمنى ئېلىپ كەتمە

(خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرىگە توشۇپ، قۇل ئەمگىكىگە سالغانلىقىغا كىنايە)

ھەي! خىتاي زالىملىرى مىللىتىمنى يەپ كەتمە،
قالمىدى سەندە ئىنساپ، قىزلىرىمنى ئەپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى غۇبارسىز قىز، پاك ئەقىدىلىك،
پاكلىقىغا سۈرتۈپ سەن قارا چاپلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى نومۇسچان قىز، يۈزى بەك تۆۋەن،
خەن قىزىدەك داپشاق دەپ چاغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى ئىپاردۇر، خۇش پۇراق تارار،
ئىپار بوينى كىرلەتكۈزۈپ، داغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى تىرىشچان ھەر ئىشقا ماھىر،
قۇل ئىشىغا مۇھتاجدۇر دەپ ئويلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى قولى گۈل، ھەر ئىشقا ئەپلىك،
توقار گېلەم ئۆز يۇرتىدا، ھېچ باغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى-سەنئەت قىزى، گويا بىر پەرى،
جاڭ-جۇڭغا ئۇسۇل ئوينىماس، ياغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى پەرىزات قىز، قەلبى بەك گۈزەل،
غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرماس، بەك ئاغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى قەھرىمان قىز، نۇزۇگۇم چىققان،
ئۇرار خەنجەر رەقىبكە،جىق سەتلەپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى ئەرك قىزى، قەپەزدە تۇرماس،
سىڭىنىڭ شەھرىڭ قەپەزدۇر، دەردلەپ كەتمە.

# سۈكۈت

ئەي دوستۇم قىلمىغىن ناھەققە سۈكۈت،
جىق بالا كەلتۈردى بىز خەققە سۈكۈت.

ئاندۇر مىسالى بىر ۋەتەن دېگەننىڭ،
قىلمىغىن ئانىغا دەرد كەلسە سۈكۈت.

ھەدە ۋە سىڭلىمىز قۇل بولۇپ سېتىلدى،
قىلمىغىن زۇلۇمغا گەر ئەزسە سۈكۈت.

ئەجدادلار روھىدىن ئالغايسەن مەدەت،
قورىما روھىنى گەر كەزسە سۈكۈت.

ئىزنى-ئىز ئۆچۈرمەس تارىختىن بۇيان،
ئىز سالغىن سەنمۇ كۆمۈلسۇن سۆكۈت.

ئۇدۇم ئېلىپ بۇغرادىن ئالغانتۇق قىلىچ،
سەنمۇ ئال مىلتىق ھەم ئېتىلسۇن سۆكۈت.

سادىرنىڭ روھى بەك قالدى يېتىرقاپ
تېشلار سېپىللەر گەر بەزسە سۆكۈت.

شانۇ ۋە شەرەپلەر كېلەر كۆرەشتىن،
ئويغانغىن، تاشلىنالار كۆرەشسە سۆكۈت.

ئازادلىق تېڭىمىز قالدى بەك يېقىنلاپ،
ئاتلانغىن جەڭلەرگە يوقالسۇن سۆكۈت.

## قورچاق ساقچىغا

مىللىتىگە زۇلۇم سېلىپ باسقان ساقچى،
ئۆز خەلقىنى تۇتۇپ جىق ئاسقان ساقچى،
دوپپىيا دېسە باشنى كېسىپ ساتقان ساقچى،
سوراقلاردا ۋەھشىيلىكتە تاشقان ساقچى،
زالىملىقتا جاللاتلاردىنمۇ ئاشقان ساقچى.

ئاق-قارىنى ھېچ بىلمىدىڭ ئادەم تۇرۇپ،
زار قاخشاتتىڭ مەزلۇملارنى قاتتىق ئۇرۇپ،
ئازنى قىلدىڭ جىقلىتىپ خامان سورۇپ،
ئارتتىڭ گۇناھ، گۇناھسىزغا تۆھمەت قۇرۇپ،
مەككارلىقتا جىن-شەيتاننى باسقان ساقچى.

كېچە-كۈندۈز تىمسقلاپ ھېچ ياتمايسەن
قۇلاق بولۇپ ئەل خەلقنى ھەم مارايسەن،
خىتايلارغا قارا تىزىملىك جىق يوللايسەن،
بىگۇناھنى چىشلەپ بىر ئىتتەك قاۋايسەن،
نۇمۇسى يوق، پەسكەشلىكتە توشقان ساقچى.

ھە، دېسلا «سىياسىي» دەپ قارىلىدىڭ،
«ئۇ مىللەتچى» بەك چاتاق دەپ زارلىدىڭ،
مەنسەپ ئېلىپ ئۆسۈش ئىدى ئېسى-يادىڭ،
قالمىدى ھېچ قىلمىغانلىرىڭ ، قان يالىدىڭ،
ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلىپ ئازغان ساقچى.

سەۋەبىڭدىن ناھەق كەتتى نۇرغۇن ياشلار،
زار قاقشىدى ئۇرۇق-تۇققان، يېتىم باللار،
يۇرت قاپلاندى ۋەھىمىگە، تويىدى جانلار،
سەندىن بىزار قىز-چوكان ھەم قېرى چاللار،
مىللەت ئالار سەندىن ھېساب ئاخىر ساقچى.

# سېنى بوغار ئەل قەھرى

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
باغرىڭ تاشكەن نۇر بەكرى،
ئىسيان قىلسا  خەلق تىنچ،
باستۇردۇڭسەن جان جەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
بىر قونچاقسەن بۇت بەكرى،
ئۇرۇپ-سوقسا ئۆز خەلقىڭنى،
لام دېمىدىڭ  سەن زەررى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
يۈزۈڭ قارا، ھەم كور بەكرى،
ئۆز خەلقىگە تۆھمەت قىلىپ،
ياتتىن ئالدىڭ سەن بەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
قەلبى ئۆلگەن مۇرتەد بەكرى،
ھەم دوست بولۇپ  ياۋلارغا،
چىشلەپ چاققان بىر زەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
قان يالىدىڭ سەن نۇر بەكرى،
قىرغىن بولغاندا ئۆز خەلقىڭ،
خوشال بولدۇڭ سەن دەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
لەنەتلەرگە بەك تول بەكرى،
بىر كۈن تۇتار قان-قىساس،
سېنى بوغاردۇر  ئەل قەھرى.

## نوچىلارغا تەنبىھ

ئاتىڭالدىڭ ئۆزۈڭنى سەن ئىسلجان،
ئاتىڭالدىڭ يەنە بىرىڭ خوجا- خان.
قالتىس دەيسەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنى،
بولمىدىڭ ئۆملۈك ئۈچۈن يانمۇ-يان.

قويۇۋالدىڭ تەخەللۇسمۇ تەك-تىكىن،
ئاتىڭالدىڭ ھەتتا يەنە بەگ-بىكىن،
كۆرمىدىڭمۇ مىللەت ھېچبىر تۆھپەڭنى،
ئىشىڭ چاغلىق، نەتىجەڭمۇ ئاز لېكىن.

قىلىۋالدىڭ بىرىنى  چوڭ ئاكا ئۆزۈڭگە،
قىلىۋالدىڭ  يەنە بىرىنى ئاتقا ئۈزەڭگە،
كۆرۈنمىدى ھەممە ئوخشاش كۆزۈڭگە،
تېگەر تەستەك ھامان بىر كۈن يۈزۈڭگە.

بىرىڭ دېدىڭ زىيالىيمەن   بەك داڭلىق،
بىرىڭ دېدىڭ ئەمەلدارمەن بەك ئاڭلىق،
كۆرمىدىققۇ سەندىن  ھېچ جان پىدالىق،
ئەسقاتمايدۇ ئاتاق-مەنسەپلەر تايىنلىق.

بىلىپ قالغىن تۆھپە مۇھىم  ھەممىدىن،
ئەسقاتمايدۇ قۇرۇق-شۆھرەت ئەمدىدىن.
تاپمىساڭسەن ئەگەر ئەقلى - ھۇشۇڭنى،
قالىسەن ئاخىر   نەپرەتلەرگە باشقىدىن.

## تەنقىد

تەنقىدنى خۇش كۆرۈش ئاقىلنىڭ ئىشى،
تەنقىدنى يات كۆرۈش   نادانىنىڭ ئىشى.
تەنقىد ئۆلچەيدۇ ھەممە توغرا-خاتانى،
تەنقىدكە سەت قاراش كىبىرنىڭ ئىشى.

تەنقىدلەر چۈشكەندە قويدۇڭسەن سۇئال،
قىلدىڭمۇ بىرەر ئىش سەن مەندىن ئاۋۋال؟
ماختاندىڭ قىلدىم دەپ قالتىس ئىشلارنى،
سەنمۇ قىل، مەن ئۈچۈن بولمىغىن مالال!

تەنقىدكە كۆنمەيسەن ھېچقاچان ئەسلا،
دەيسەن سەن ھەممىنى توغرا قىلدىملا.
ھەقىقەت ئىستەيدۇ راستلىقنى پەقەت،
قىلمىشلىرىڭ ئۆلچىنەر ھەق ئالدىدىلا.

تەنقىد ئەمەستۇر غەيۋەت-شىكايەت،
بولار ئۇ تارازا ھەربىر ئەمەلگە پەقەت.
قاچساڭ ئۇنىڭدىن ۋابادەك ئۈركۈپ،
قالىسەن جەزمەنكى نەپرەتكە ئەبەت.

## ئەردوغان

(تۈركىيە جۇمهۇر رەئىسى ئەردوغانغا خىتاب)

**ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،**
**ئەجدادلار يۇرتىغا تۇنجى بوپ بارغان.**
**بولغىيتى بەلكى قەلبىڭدە شۇ ھېس،**
**قېرىنداش سەن بىلەن مەن دەيدىغان.**

**ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،**
**سەن ئۇچۇپ ماڭغاندا ئۈرۈمچى تامان.**
**كەلگەندۇر ئېسىڭگە بەلكى قايتىدىن،**
**5 - ئىيۇلدا -ئۈرۈمچى قارايغان تۇمان.**

**ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،**
**سەن بولغان ئۇيغۇرغا ئىگە- باشپاناھ.**
**قىرغىندا قالغاندا مەزلۇم تۇققىنىڭ،**
**دېگەنتىڭ : «قىرغىنلىق ئېغىر گۇناھ».**

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
خىتايلار سۆزۈڭدىن چۆچىدى قەۋەت.
ئەۋەتىپ ئالدىڭغا ۋەكىل- ئۆمەكلەر،
تىلىڭنى سۈكۈتكە ئەيلىدى دەۋەت.

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
بۇ قېتىم كېلىپسەن ئەجداد يېرىگە،
كۆرمىدىڭ قان ئىزى، ھەم جەسەتنى،
ئورنىۋالغان ئىدى ياۋ تۈلكە تېرىسىگە.

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
قۇرۇپسەن سۆھبەتلەر قاتىللار بىلەن،
ئالدانما رەقىبنىڭ يالغان ۋەدىسىگە
يېزىلغان مەڭگۈتاش،نەسھەت بىلەن.

## بىزنىڭ دەۋرىمىز يېتىپ كېلىدۇ

ھەرقانچە دەھشەت بىلەن باستۇرساڭمۇ،
ھەق دېگەننى تۇتۇپ-سولاپ ئاستۇرساڭمۇ،
تۇسالمايسەن ئەركىنلىكنى، چاپتۇرساڭمۇ،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز.

پۈتۈن دۇنيا بىلىپ بولدى يارا ئەپتىڭنى،
قالالمايسەن ساقلاپ ھەرگىز قارا بەختىڭنى،
گۇم بولۇپ سەن، يوقىتىسەن ئارا تەختىڭنى،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز.

ئۇيغۇر دېسە پۈتۈن دۇنيا بىلىپ بولدىغۇ،
كۈرەش قىلىش ئىرادىمىز راسا تولدىغۇ،
قايناق دەۋر ئالدىمىزدا، ئاتلار يولدىغۇ،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز.

كوممۇنىزم، مۇستەملىكە تاپىدۇ زاۋال،
ھۆر بولىدۇ ئۇيغۇرلار ھەممىدىن ئاۋۋال،
كۆرمىدىڭمۇ سوۋېتلەرنى،تېز ساۋاق ئال
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز.

## خۇدا بىزگە بېرىدۇ

«ئوقۇسىڭىز بەش ۋاق ناماز كۈندە، خۇدا بەرمەس سىزگە گۆش-گىردە» گە رەددىيە (بۇ مىسرالار خىتتايلار تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مارالبېشى ناھىيەسى چوڭقۇرچاق يېزىسىدا چوڭ خەتلىك شۇئار قىلىپ تاملارغا چاپلانغان)

ئوقۇساق بەش ۋاق ناماز ھەر كۈندە،
خۇدا بېرىدۇ بىزگە جىق گۆش گىردە.

خۇدا ئۇلۇغ مېھرىبان، بەكمۇ دانىشمەن،
ئەمەس ئۇ كاپىردەك، ئىنسانغا دۈشمەن.

خۇدا ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك ، تەڭدىشى يوقتۇر،
كىم ئىش قىلسا خۇدا دەپ قورسىقى توقتۇر.

خۇدا ئۇلۇغ – سېخىيدۇر، رىسقى ياراتقان،
ئۇنى ھەممە ئىنسانغا ئوخشاش تاراتقان.

خۇدا ئۇلۇغ شەپقەتچى، بەكمۇ رەھىمدىل،
يېتەر ئاچىنىڭ ھالىغا، بەندىسگە ئېچىل.

خۇدا ئۇلۇغ كارامەت، كائىناتى كەڭ كەتكەن،
زامان قىلدى ئەزىز-خار، ئەسلى تەڭ ئەتكەن.

خۇدا ئۇلۇغ قۇتقازغۇچى، بۈيۈك پاسىبان،
ساقلىغۇچى ئۇ بالادىن، قۇتقازغان ئىنسان.

خۇدا ئېتەر نەپرەت يەنە، دۇچار قىلار قازاغا،
مۇناپىق ۋە مۇشرىكلارنى تارتار ئېغىر جازاغا.

خۇدا شۇنداق بەرگۈچى ھەم ھېساب ئالغۇچى،
گۇناھكار ۋە زالىمنى ئوت دېڭىزىغا سالغۇچى.

خۇدا ئۇلۇغ ئىجاتچى، ئىمكانى بەك چەكسىز،
ئىنسان نىجات تاپىدۇ گەر، ئىشەنسە شەكسىز.

خۇدا شاھى - سۇلتاندۇر بارلىق جانلىققا،
كاپالەتتۇر كائىناتقا، مەۋجۇداتى بارلىققا.

# روپاشخان - ئىپارخان

(خوتەن روپاش ئاياللىرىنىڭ خوتەندە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش قىلغىنىغا ھەدىيە )

رومال ئارتىپ ئۇيغۇر قىزى   يۈزىنى ياپتى،
توسۇپ چىھرىنى ھارامدىن، ئىززىتىن تاپتى.

ئۇيغۇر قىزى روپاش قىز- يۈزى تۆۋەن قىز،
ئېلىپ ئىپار روھىنى باستى ئەجدادىن ئىز.

يۈزى يېپىق روپاش قىزنىڭ شەرىپى ئاردۇر،
ئىپپىتىدىن ئۇزۇق ئالغان جۈرئىتى باردۇر.

خىتتاي بەك  ئۆچ كۆرەر، پەرز- سۈننەتنى،
يوقاتماقنى ئىستەيدۇ  ئۇ   ئۆرپ-ئادەتنى.

جاھان بىرئاز تىنجىسا ئەسلى گۇماندار،
بىر باھانە  چىقىرىپ،  ئۇيغۇرنى تۇتار.

**بايۋ بولۇشمۇ گۇناھدۇر ئۇيغۇرغا يەنە،**
**تەھدىت سانار بايلارنى خىتاي ئۆزگە.**

**چىقتى بايۋ بوپ خوتەندىن مۇتەللىپ ھاجى،**
**ياردەم قىلىپ يېتىم-تۇلغا ،كەيدى ئەل-تاجى.**

**نىشان قىلدى خىتايلار، ھاجىمنى  بۇ رەت،**
**تۇتتى ئۇنى تۆھمەت قىلىپ، ئارتتى جىنايەت.**

**سۇئال-سوراق قىيناشلاردا ھاجىم خارلاندى،**
**كېسەل بولۇپ جۇت تۇرمىدە جېنى داغلاندى.**

**بۇ شۇم خەۋەر تارقاپ ئەلگە، ۋەھىمە بولدى،**
**يېتىم-يىسىر، قىز-خانىملار دەردلەرگە تولدى.**

**روپاشخانلار چەكلەندى  ھازا ئېچىشتىن،**
**باش پاناھى، ئەل ئوغلىغا دۇئا ئوقۇشتىن.**

**روپاشخانغا ئېغىر كەلدى  بۇ ناھەقچىلىق،**
**چىقتى ئۇلار قورغۇلۇپ ھەم يۈزى يىپپىقلىق.**

**غەزەپ بىلەن توۋلاشتىلەر ھەق-ئادالەت دەپ،**
**پەرىز-ئادەت ھوقۇقىمىز چەكلەنمىسۇن خەپ.**

**خىتاي زالىم  بۇ ھەق تەلەپكە قۇلاق سالمىدى،**
**مەزلۇملارنىڭ دەرد- ھالىنى تىڭشاپ باقمىدى.**

دەرھال كەيدى تۆمۈر پەلەي زەھەر قولغا،
سالماق ئۈچۈن روپاشخاننىڭ يۈرەك باغرىغا.

باستۇرۇشقا ئەسكەر كەلدى كوچا ۋە يولغا،
روپاشخانلار بولغانتى دۈشمەنگە بىر ئولجا.

تەڭلىگەندە مىلتىق ئەسكەر چۆچۈپ باقمىدى،
كۆكرەك كېرىپ ماڭدى ھەم قورقۇپ قاچمىدى.

ساقچى قاۋان قولىدا ماكانى بولدى زىندان.
جەمئىي بولۇپ تۇتۇلدى ئالتە يۈز قىز-خان.

سۇئال-سوراق، ، قىيناشتا تۆكسمۇ ياشنى،
روپاشخانلار ئەگمىدى بۇ جازاغا باشنى.

يوقتى ئەسلا ياردەمچىسى ئاللاھتىن بۆلەك،
قىلدى ئۇلار بىر ئاللاھقا مۇناجات-تىلەك.

ئىپارخاندەك ھەممىسىلا قورقماس ئىدى.
«بىر ئاللاھلا بىزلەرگە مەدەتكار» دېدى.

ئىلاھىم سەندىن باشقا قۇتقازغۇچى يوق،
مەزلۇم ئەلگە، تۇل-يېتىمگە ئىگە ھېچ يوق.

كۈتىمىز بىز شەپقەتنى بىر سېنىڭدىن پەقەت،
بۇيۇكدۇرسەن، تەڭداشسىز ئەبەدىي- ئەبەت.

ئى ئىلاھىم قۇتقازغىنسەن بىز مەزلۇملارنى،
بەرگىن بىزگە نىجاتلىق، يوقات زۇلۇملارنى

ئاتا قىلغىن ئۇلۇغ خىسلەت ئىپارخان كەبى،
ساقلاپ خەنجەر يېنىمىزدا قوغدايلى سەبى.

ئى ئىلاھىم بەرسەڭچۇ بىزگە كۈچ-قۇۋۋەت،
كۈرەش قىلىپ تىزلىكتە يوقاتساق زۇلمەت.

زالىملارنىڭ زۇلمى يەتتى ھازىر سۆڭەككە،
زارىقماقتا مىللىتىم بەك ھۆرلۈك- ئەركىكە.

ئى ئىلاھىم ئاتا قىلغىن بىزگە بىر نىجات،
نىجىس زالىم، باسقۇنچىنى ئەتكىن بەربات.

بىز ئاجىزلار كۈتىمىز سەندىنلا رەھمەت،
قىلغىن بىزنى ھۆر-ئازاد، ئەبەدىل-ئەبەت

# ۋەتەننى ساتتىڭ

قىلغان ئىدۇق كۆپ، قانلىق جەڭلەر بىز،
يوقۇتۇپ دۈشمەننى، قالدۇرۇپ كۆپ ئىز.
نادانكەنمىز ئالداندۇق ، سۈلھى-سالاغا،
نامەردلەرگە ئىشىنىپ ،بېتىم تۇزدۇق بىز.

دۈشمەن ئىدى ھىيلىگەر، ئەھدىنى بۇزار،
بېتىم بۇزۇلۇپ، ھەم بولدى سىر ئاشكار.
جىم ياتتۇق سۈكۈتتە، داتلاشتى مىلتىق،
تىنچلىق ئەۋزەل دەپ، توۋلىدۇق شۇئار.

كەتتى قېچىپ تەيۋەنگە مىللەتچى خىتاي،
چىقتى قانلىق تەختكە كوممۇنىست خىتاي.
ئىدى ئېقى- سېرىقى ھەممىسى بىر ئىت،
لېكىن سۆيدى بەزىلەركوممۇنىست خىتاي.

ئاچقاندا كوممۇنىست، بۈيۈك قۇرۇلتاي،
ۋەتەندە لەپىلدەردى تېخى يۇلتۇز- ئاي.
بېيجىڭدىن تەكلىپلەر كەلدى ئۇيغۇرغا،
موسكىۋا بۇيرۇق قىلدى قىلچە ئۇيالماي.

چىقشتى رەھبەرلەر يىراق-سەپەرگە،
ئورۇسنىڭ يۇرتىغا، يوچۇن بىر ئەلگە.
بۇيرۇدى يات ۋەكىل تەسلىم بولۇشقا،
خىتايلارغا قوشۇلۇپ، ياشاشقا بىرگە.

ئەخمەتجان قارشى ئىدى بۇ ھۆكۈمگە،
كەلمىدى رۇس بىلەن ھېچ بىر پۈتۈمگە.
قارارىتى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل ياشاش،
شۇ سەۋەبتىن يولۇقتى ناھەق ئۆلۈمگە.

قايتار ئىدى رەھبەرلەر ئۇچاق بىلەن تېز
خەۋەركەلدى ئورۇستىن قازا بولدى دەپ.
چىن پۈتمىدى خەلقىمىز بۇ سىرلىق ئىشقا،
قىلدى ماتەم ئۇيغۇرۇم، ئېغىر قايغۇ يەپ.

چارىسىزتى ئەل- خەلق سىرلىق ۋەقەگە،
جاللاتلار خۇش ئىدى، بىرلەشتى كۆلكە.
تېپىشتى ئۇيغۇردىن يەنە بىر ساتقۇننى،
بولۇپ قالدى ھۆر دىيار خىتايغا ئۆلكە.

يول ئالدى سەيپېدىن بېيجىڭغا يەنە،
كوممۇنىست خىتايغا بولدى ئۇ  پەرۋانە.
تۆكۈلگەن   قانلارغا خىيانەت قىلىپ،
شېھىتلارنىڭ روھىنى قىلدى ۋەيرانە.

ئەي! مەلئۇن، لەنەتلەر گۆرىگە پاتتىڭ،
مىللەتنىڭ غايىسىنى   قەبرىگە ئاتتىڭ.
رەقىبكە تەسلىم بوپ، ئەركىڭنى بېرىپ،
ئەمەلگە ئاشنا بولۇپ، ۋەتەننى ساتتىڭ.

## دېدىڭ

(ساتىرا)

داداڭنى خورلىغاننى، سەن ياشنا دېدىڭ،
ئاناڭنى زورلىغانغا،يەنە ئاشنامەن دېدىڭ.
قېنى ۋىجدان، سەندە ھېچ قالدىمۇ ئىمان؟
مەن ياشاي دۇنيادا، دوزاققا خوشنا دېدىڭ!

تارىخقا ھېچ باقماستىن، ئىزىمىزنى قار دېدىڭ،
كۈرەشتىن قېچىپ، ھەممىدىن مەن زار دېدىڭ.
بىلمىدىڭكى، شۇۋەجىدىن قارا- قۇلغا ئايلاندۇق،
زور -جاپادا ياشاپ تۇرۇپ، بەخت ماڭا دېدىڭ!

ياشاي ئىشرەت-ئارا، دۇنيا ماڭا جان دېدىڭ،
پۇل بولسلا كېلەر ئامەت، بايلىققا يان دېدىڭ.
يوقاتتىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، ئىنسانى قىممەتنى
دۇنيانى كۆزلەپسەن، ئاخىرەتتىن تان دېدىڭ.

**ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ ، ياۋغا خوش دېدىڭ،**
**مەنلا ياشاي دۇنيادا، باشقىلار بوش دېدىڭ.**
**ۋەتەن-مىللەت تەقدىرىنى ئويلىمىدىڭ زادىلا**
**ساتقۇنلۇقنى تاللاپ ،ئەلنى لوق گۆش دېدىڭ.**

**كەلسە سوراق ھەقىقەتتىن، مەن ئاق دېدىڭ،**
**قىلمىشىڭنى تەن ئالماي، ھەممىگە ياق دېدىڭ.**
**ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھەق-ھېسابنى ئۇنۇتتۇڭ**
**توۋا قىلىپ ئۆلگۈرەلمەي، جېنىڭغا جاق دېدىڭ.**

# 5 – ئىيۇلنى ئۇنۇتما

(ئۆتمۈشنى ئۇنۇتقان خەلق كەلگۈسىگە ئىگە بولالمايدۇ)

ئۇنۇتما ھەي ئۇيغۇرۇم، ئۇ جاراھەتنى ئۇنۇتما،
قانداشلىرىڭ قىرغىن بولغان قاباھەتنى ئۇنۇتما.
جەڭگە چىققان ئوغۇل-قىزدا جاسارەتنى ئۇنۇتما،
ياۋ ئوقىدا ئاقتى قان كۆپ، ھاقارەتنى ئۇنۇتما.

5-ئىيۇل كوچىلارغا چىققان ئىدۇق قوزغۇلۇپ،
ئىچكىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشقا دات ئوقۇپ.
قىلغانتۇق تىنچ نامايىش، ئەمما ئوققا تۇتۇلۇپ
قان-ياشلارغا مىلەنگەن ئۇ نادامەتنى ئۇنۇتما.

نامايىشتا تولغان ئىدۇق ياۋغا دەھشەت نەپرەتكە،
ھەق-ھوقۇق ۋە ئادالەتنى تەلەپ قىلدۇق ئەبەتكە.
قان بىلەن جاۋاب بەردى رەزىل دۈشمەن مىللەتكە،
مىڭلاپ ئۇيغۇر شېھىت بولغان ئاداۋەتنى ئۇنۇتما.

مىللىتىمىز باشلىرىغا كەلدى نۇرغۇن تالاپەت،
دۈشمەنلەر ئىت كەبى غالجىرلاشتى ئالامەت.
مىڭلاپ ئانا، يېتىم بالا قالدى ئىچرە مالامەت،
ئىز-دىرەكسىز غايىب بولغان نادامەتنى ئۇنۇتما.

كۆرەشلەردە جان بېرىپ ماڭدۇق ئەجداد يولىدا،
باتۇرلۇقنى ئۇدۇم ئالدۇق، ئەۋلاد بولۇش بۇرچىدا.
ئاقسا قانلار، چىقسا جانلار تەۋرەنمەيمىز زادىلا،
قىساس بىزنىڭ قەرزىمىزدۇر، ئاسارەتنى ئۇنۇتما.

# تىبەتلەرگە ئافىرىن

(2008-يىلى 3- ئايدىكى تىبەتلەرنىڭ ئولىمپىكقا قارشى قوزغىلىشىغا مەدھىيە)

تىبەتكە تاشقىرىدا كەڭ دۇنيا يولداش،
تىبەتتە، تىبەتلەر بىر-بىرىگە قولداش.

تىبەتلەر تۆكتىيۇ زۇلۇمدىن كۆز-ياش،
ئەمما ئۇلار ئەگمىدى زۇلۇمغا ھېچ باش.

مارت ئېيى قەدەم بېسىپ باھارمۇ كەلدى،
تىبەتلەرگە يېڭى كۈچ-يېڭى روھ تولدى.

قوزغالدى تىبەتلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن،
نامايىش دەپ كوچىلارغا تۆكۈلدى بۈگۈن.

تەلەپ قىلدى خىتايدىن ئەركىنلىك پەقەت،
ئەمما خىتاي كۆرسەتمىدى بۇنىڭغا ھۆرمەت.

نامايىشچى تىبەتلەردە يوقتى بىر كالتەك،
توۋلىغانتى پەقەت شۇئار ھەممىسى بىردەك.

تەبىئىتى ئىكەن ياۋنىڭ چىشلەش ۋە تالاش،
ئاجىزلارنى تۇتۇپ-سولاپ، ئۇرۇپ ۋە قاماش.

كەلدى خىتاي ئەسكەر تارتىپ، ھەيۋىلەر بىلەن،
قورشىۋالدى تىبەتلەرنى ھەر تەرەپ دۈشمەن.

قوغلاپ سۈردى كالتەك بىلەن،
تۇتۇپ سالدى كويزا كىشەن.

ئاتتى ئەسكەر گاز بومبىسى، كەلدى ئېتىلىپ،
تۇتۇشتىلەر ئەسكەر-خەلق بىر-بىرىگە چېتىلىپ.

ھايال ئۆتمەي دۈشمەنلەر يەنە كۆپەيدى،
تىبەتلەردە يوقتى چارە، پەقەت ھۆرپەيدى.

ئۆلدى يۈزلەپ گۇناھسىزلار دۈشمەن ئوقىدا،
كۆيدى ئەتراپ، قالدى پۈقرا جان قايغۇسىدا.

ئېتىش-تۈتۈش داۋام قىلدى خېلى بىر زامان،
قىرغىن-تۇتقۇن ئېتىشلارغا گۇۋاھدۇر ھەريان.

بۇ نامايىش توختىتىلدى قىرغىندىن كېيىن،
ئەمما روھى تىبەتلەرنىڭ ئۇرغىدى ئاندىن.

كېڭەيدى بۇ نامايىش تەرەپ-تەرەپكە،
باشقا شەھەر ياقا-يۇرتمۇ قېتىلدى سەپكە.

دۈشمەن ئىدى ئاۋۋالقىدەك قاتتىق رەھىمسىز،
يەنە قىردى، يەنە تۇتتى، يۈز مىڭلاپ ئىزسىز.

قانخور خىتاي بۇنىڭ بىلەن قالمىدى توختاپ،
كەڭ خەلققە بېسىم بىلەن سالدى كۆپ ئازاب.

توقۇپ چىقىپ يەنە تۆھمەت تىبەتكە تاڭدى،
دېدى ھەممە، بۇنى دالاي لاما قوزغاتقان زادى.

دېدى، جۇڭگو ئۆتكۈزىدۇ ئولىمپىك ھەيۋەت،
بۆلگۈنچىلەر بۇ ئويۇنغا قىلماقتا سۇيىقەست.

شۇمنىيەتى خىتايلارنىڭ قوزغاتتى نەپرەت،
چەتئەلدىمۇ تىبەتلەر قوزغالدى رەت-رەت.

قىتئە، دۆلەت ، شەھەرلەردە بولدى نامايىش،
تىبەتتىكى زۇلۇم قىرغىن ئېپ كەلدى تەشۋىش.

خىتايلاردا ئىنسان ھەققى زادى بولمىسا؟
ئۇندا خەلق ئەركىن نەپەس ئېلىپ باقمىسا؟

لايىقمىتى خىتايلار ئولىمپىكنى ئېلىشقا؟
مەتبۇئاتلار ئۆتتى بەس-مۇنازىرە قىلىشقا.

ئەيىبلەندى ھەم خىتايلارنىڭ ياۋۇز قىلمىشى،
تىبەتلەرگە ئىگە چىقتى ناھايىتى كۆپ كىشى.

ئولىمپىككە خىتايلار ھىچ لايىق ئەمەستى،
غەپلەت باستى دۇنيانى، ھەقنى نەس باستى.

ئەمما دۇنيا بىرلىكلىرى، ھەقسىزلىقنى تونىدى،
نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر ئولىمپىكتىن سوۋۇدى.

ئولىمپىكتى ئەسلىدە مەدەنىيەت سىمۋولى،
ئۇنىڭ بىلەن بولاتتى دۈشمەنلىكمۇ ھەم خالى.

يەنە خىتاي كوممۇنىست ئالداپ كەتتى دۇنيانى،
كۆپ ۋەدىلەر بەرگەنتى تۈزۈتۈشكە ناھەقنى.

لېكىن خىتاي ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ھەم زورلۇقنى -
توختاتمىدى زۇلۇمنى، داۋام قىلدى خورلۇقنى.

بېشى قايغان ھەق دۇنيا تەمتىرەپ قالدى.
ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش ئېھتىمال ئالدى.

ئولىمپىكنى تارتىپ ئالسا خىتايدىن قەتئىي،
مەزلۇملارنىڭ ئاھ- زارى بىر ھەققە يېتەتتى.

تىبەت، ئۇيغۇر بىرلىشەيلى، كېلەر ھۆر زامان،
ئۆتكۈزەرمىز دۆلەت قۇرۇپ ئولىمپىك ھامان.

# مەسلە تۈگىمەيدۇ

(ئاتالمىش ل.پ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈئەننىڭ "شىنجاڭدا مەسلە تۈگىمەيدۇ" دېگەن سۆزىگە رەددىيە)

دەپتۇ ۋاڭ: «شىنجاڭدا مەسلە تۈگىمەيدۇ»
بىلمەمتىكىن بۈيەردە يوقلىقىنى مەسلە.
تىنچ ئىدى ئەزەلدىن بىزنىڭ تۈركىستان،
خەلق بەختىلىك،
قاچان باستۇنچىلار كەلدى بۇ يەرگە،
بولمىدى تىنچلىق ۋەسلە.

ئۇيغۇر-قازاق خەلقلىرى دۆلەت قۇرغانتى،
ئەلمىساقتىن ئەركىن بولۇپ، ئارام تاپقانتى.
كەلدى "تاڭ " "ۋاڭ" لار
تىنچلىق بۇزۇلدى،
بۇلاپ-تالاپ، ئۇرۇپ-چاپتى،
خەلق سۇرۇلدى.

بىرى دېدى ۋاڭمەن،
بىرى دۇبەن،
بىرى دىدى جاڭمەن،
بىرى لاۋبەن،
ئارقىدىن كەلدى كوممۇنىست تۈلكە.
ئېلىپ گۇرجەك ھەمدە سۈپۈرگە.

ھەممىسى قىلاتتى چىرايلىق سۆزلەر.
ساقلايتى ئەما قويىنىدا پىچاق-بەكە،
شۇ سەۋەبتىن قانغا بويالدى بۇ ئۆلكە.

كوممۇنىستلار ھەممىدىن بەك زۇلۇم سالدى،
خەپ!
تارتىپ ئالدى ھەممىنى خەلقتىن،
كوممۇنانى دەپ.
داشقازاندا ئۇماچ بېرىپ، بۇغداينى ئۆزى يەپ،
دۇچار قىلدى كېسەللەرگە،
ئاچلىقتىن ئۆلتۈردى كۆپلەپ.
كوممۇنىستلار باندىت ئۆزى،
خەلقنى قىردى بىر-بىرلەپ،
"سىنىپ كۈرىشى " نى كەڭ يۈرگۈزدى،
" مىللەتچى " قالپاقنى كۆپ كىيگۈزدى.
"چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش"تە تۈگەتتى ھەممىنى
ئۈتلەپ!

ئۆلۈپ "ماۋ"جاللات، "خۇئاسى" كەلدى،
نېمە بولدى؟
ئىشىكنى ئاچتى تاشقىرىغا،
ئەمما ئۇيغۇرغا تاقاق سەپلەپ.

تاپتى خىتايلار پۇل – ئىقتىساد،
تاپمىدى ئۇيغۇر ھېچنىمە،
بىكارغا دېھقان ھاشار چاپتى.
جېنىنى ئاران ئەپلەپ.

"دېڭى" كەلدى، "جېڭى" كەلدى ،
ئارقىدىن "خۇ"سىمۇ كەلدى.
چىقاردى تۆرلۈك سىياسەت،
ئەمما ئۇيغۇرنى ئالدايتى،
تەگمىدى ئۇيغۇرغا ھوقۇق،
سكرېتارى ھەممىنى سايلايتى.
قۇراتتى تىوزاقنى كۆپ،
ئۇيغۇرنى ئۆلجا دەپ سانايتى.
دېدى «مىللى بۆلگۈنچى ھەممە مەسلىنى
قوزغاتتى!»
بېرىپ «يۈزكۈنلۈك زەربە» ھەممىنى زەر قاقشاتتى.

بارتى ئۇيغۇرنىڭ قېنىدا ئۇغۇزخاننىڭ جەسۇر روھى،
باش ئەگمىدى ھېچ ئۇيغۇر،
كۈرەشنى ھېچ توختاتمىدى،
چىقتى بارىندا ئىسيان، خوتەن، ئاقسۇ-توقسۇدا.
چىقتى ئارقىدىن غۇلجىدا،
دۈشمەننى بەكمۇ قورقاتتى.

توختىمىدى ئۇيغۇر ھېچ،
يىل، ئاي، كۈندە قوزغالدى.
دۈشمەنلەرمۇ يەپ زەربە،
قارا يىلاندەك تولغاندى.

**كەيىندىن يەنە جۇگا، ئۇرۇپ زاكوت تاياقنى ئوينىتتى.**
**بۇنىڭ بىلەن تۇرار جىم دەپ چوتىنى خاتا سوقاتتى،**
**تىنجىتالماي ئۇيغۇرنى "تېرورچىلار" دەپ ۋايسايتى.**
**ئاقمىسا بۇ سۆزى ھەق دۇنيادا بىر تىيىنغا،**
**«شىنجاڭدا مەسىلە تۈگمەيدۇ» دەپ كەتتى.**
**بۇ يەردە بىر مەسىلىنىڭ بارلىقىدىن دات ئەتتى.**
**ئەمما بۇنىڭ ھەق-ھوقۇق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى،**
**شۇ كەمگىچە ھېچ تۇنۇپ يەتمىدى.**
**ئۆزىمۇ ھەم بۇ يەردىن كەتمىدى.**

**ھەقىقىي مەسىلىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى،**
**كۆز ئېچىپ ئېتىراپمۇ ئەتمىدى،**
**ھامىنى ئېتىراپ قىلار، غەلىبە ئۇيغۇرغا باقاندا،**
**بۇنىڭغا ئەقلى تېخى يەتمىدى.**

## جانانغا

ئاي يۇزلۇك گۇزەل جانان،
مەن ساڭا مەجنۇن بولدۇم.
قاچان يېتەرمەن ۋەسلىڭگە،
سېغىنىش پىراقىغا تولدۇم.

ئاي يۇزلۇك گۇزەل جانان،
سەنسىز ھايات ماڭا بىر تۇن.
كۆرۈنمەيدۇ ھېچ كۆزۈمگە،
سېنى كۆرمىگەن بىر كۈن.

ئاي يۇزلۇك گۇزەل جانان،
ئايرىلدىم سەندىن باشقا تامان.
ئىشقى ئوتۇڭ قىينايدۇ جاننى،
بولدى چىرايىم سارغىيىپ سامان.

ئاي يۇزلۇك گۈزەل جانان،
زۈلۈم زەنجىر ئايرىدى بىزنى.
بۇ جۇدالىق پەقەت ۋاقىتلىق،
ھەمراھ قىلغىن چىن سۆيگۈمىزنى.

ئاي يۇزلۇك گۈزەل جانان،
سېغىنساڭ مېنى كۆككە باق.
كەلسە ئەگەر تونۇش ھىد،
ئېلىپ ئۇندىن پۇرا ئۇزاق.

ئاي يۇزلۇك گۈزەل جانان،
ئۇمىد بولار بىزگە يولداش.
جەم بولۇپ ھامان بىر كۈن،
بولارمىز بىز يەنە دىلداش.

## كېتەرمەن

كېتەرمەن هامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
پۈراپ مەن ھىدىنى زادى قانمىدىم.
دەيمەن بىر چىمدىم تۇپا يەۋالسام،
قالمايتى ئۆلسەممۇ ھېچ بىر ئارمانىم.

كېتەرمەن هامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
يات ئەلدە تۈرۈپ ھېچ ھوزۇر ئالمىدىم.
بەخىت يار بولمىدى ۋەتەنسىز ماڭا،
ھەقىقىي ياپراپ بىر كۈلۈپ باقمىدىم.

كېتەرمەن هامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
يات ئەلدە ئازادە دەسسەپ ماڭمىدىم.
ئىگىز-چوڭ بىنالار سايە تاشلاپ تىك،
چېھرىمگە نۇر تەگمەي، تىترەپ چامدىدىم.

كېتەرمەن هامنى ۋەتەنگە قايتىپ،
هاياتمەن  ئەمما ، هېچ راهەت كۆرمىدىم.
بولغاندىن يات ئەلدە شاهى ۋە سۇلتان،
ئۆزئەلدە بولساممۇ " ئۇلتان " خوش ئىدىم.

كېتەرمەن هامنى ۋەتەنگە قايتىپ،
ئۆز ئەلدە ياشنايدۇ هاياتىم-جېنىم.
ۋەتىنىم تۇپرىقىغا كۆمۈلسەم ئەگەر،
قالاتتى شاش روهۇم ئىلگىرىكى پېتىم.

# پارچىلار

**ئەخلاق**

**ئىنسانلاردا ھەرخىل قىلمىش بولغان تەبئىي،**
**ياخشىلىق ۋە ساۋابلىقنىڭ كۆپتۇر قىممىتى.**
**يامان ئىشلار نەپرەت ئالغان ئەل-جامائەتتىن،**
**مەدھىيىلەنگەن ئۇياتچانلىق-گۈزەل خىسلىتى.**

**ۋىجدان**

**ئاجايىپ خىسلەتتۇر قىممىتى ھەم بار،**
**گەر بولسا ئۇ دائىم ئىنسانلارغا يار.**
**ئۇ نىڭدا ئۆلچىنەر شەرەپ ۋە نومۇس،**
**كەلتۈرەر خىجىللىق ياكى ئىپتىخار.**

**قانۇن**

**ئىتائەت قىلدۇرماق ئىزدەيدۇ سېنى،**
**ماددا ۋە مىزانى ئاجايىپ ھەيۋەت.**
**ئەگەر كىم ھەقنى ھەق دەيدىكەن قەتئىي،**
**چىقار ئۇ رامكىدىن كۆرسەتمەي شەپقەت.**

**ھوقۇق**

**ئەمەس ئۇ ئەبەدىي ھېچكىمگە مەنسۇپ،**
**تالىشار ھەممە تەڭ ئۇنى قوغلىشىپ.**
**بەزىلەر ئالدى نەپ، كۆپچىلىك زارار،**
**ئالار رول ئۇ ھەمىشە زوراۋان بولۇپ.**

زۇلۇم

يارالمىغان ئەسلى ئۇ ئادەم بىلەن تەڭ،
ياراتتى ئادەملەر شەيتاندىن ئېلىپ.
كۈچلۈكلەر بەگ بولۇپ تۇتقماق راستلاشتى،
ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى قۇرىماس ئېقىپ.

كۈرەش

شان-شەرەپ بابىدا قىممىتى چەكسىز،
تەبىئەت، ئىنسانلار ياشنىماس تەرسىز.
ھەممە تەڭ خەلقى ئۈچۈن جېنىنى تىكسە،
ئۇلارغا ھېچقاچان دەرد-ئەلەم يەرسىز.

يول

يول ئۇ سوزۇلغان نىشانغا تۇغرا،
بەزىدە باسىدۇ تاغ-داۋان، جىلغا،
ئەگەر كىم دەسسەپ چىڭ قايمىسا ھاڭغا،
يېتەر ئۇ كۆپ ئۆتمەي ئارزۇ-ئارمانغا.

تۇرمۇش

تۇرمۇش ئۆزى سىرلىق قەلئە، ھەرخىل مەنزىرە،
چۆكمەي ھەركىم بۇ قاينامغا تاپالماس چارە.
بىرنى قىلار شاھى-سۇلتان، بىرنى خارۇ -زار،
كىم قىلمىسا جاسارەت يار، بولغان ئاۋارە.

ئائىلە

ئادىمىزات تائەزەلدىن بىر جۈپ يارالغان،
تۆت تېمى يوق ھېچقاچان بىر ئۆي بولمىغان.
بېقىپ بالا، ئىمىپ ئانا بىر ئۇۋا تولغان،
ئۇرۇق-تۇققان، ئەل-جامائەت شۇندىن تارالغان.

ھايات

ھاياتلىق سىناقتۇر ئىنسانغا بىررەت،
ھاياتىدىن مەمنۇن بولغان بولمىغان پەقەت.
ئادەملەردە ياخشىلىقتىن گۇناھ جىق بولغان،
ئويلىغانلار ئەل-ۋەتەننى ياراتقان قىممەت.

ئۆلۈم

ئاللاھ تائالا سالام دېگەن ئەرزائىل يوللاپ،
ياشاپ بولغان ئىنسانلارنى ھېسابقا چىللاپ.
قۇتۇلالماس بۇندىن ھېچكىم، شاھى-گادايمۇ،
بىرەر ئىنسان قىلمىشىدىن ئاخىرقى جاۋاب.

مۇھەببەت

قىممەتتۇر ئۇ ئىنسانلىقتىن يۈكسەك ھالقىغان،
ھەممە نەرسە مەۋجۇت بولغان ئاخىر يوقالغان.
پاك ئەقىدە، چىن سۆيگۈلا سۇلماس گۈللەردەك،
قەلبلەرنىڭ ساداسى بوپ مەڭگۈلۈك قالغان.

### تويى

بەزىلەر دەيمىش تويى دېگەن مۇھەببەتنىڭ تۈگشى،
مەن دەيمەنكى، دەل ئەكسى مۇھەببەتنىڭ گۈللشى.
تويى قىلمىغان سايدا قالۇر، تويى قىلغان ئۆيدە،
بولار بىر جۈپ باش قوشقاندا هايات ئۆركىشى.

### ئۈمىد

ئۈمىددۇر ئۇ، ئىنسانىنى هەر يولغا سالغان،
ئۈمىدسىزلەر هېچقاچان داۋان ئاشمىغان.
گەر بولسىلا ئۈمىدۋار ئىنسان هەر زامان،
ئېرىشەر مەقسىدىگە قالماس هېچ ئارمان.

### غەيۋەت

سالمايلى ئۆتتۈكنى سۇ كەلمەي تۇرۇپ،
چالمايلى دۇمباقنى چىڭ كەرمەي تۇرۇپ.
قۇرايلى ئۆز ئارا بىز دوستانە بىرلىك،
قىلمايلى غەيۋەتنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ.

### خەلق

دېيىلمەكتە خەلق دېگەن بىر يۇۋاش پادىدۇر،
مەن دەيمەنكى، خەلق بولار زور كۈچ هەر زامان.
مەۋجۇد بولماس ئۇنىڭسىز چوڭ-كىچىك ئىشلار،
يارىتار ئۇ تارىخ جەزمەن يەنە تۇغۇپ قەهرىمان.

### ۋەتەن

ئۈچار قۇشلار چىغىدا پاناھ جاي سالغان،
ئىنسانلارمۇ بولمىغان ھېچ ماكانسىز ئامان.
بولغاندىلا توپا-تۇپراق، باش قويار يېرىڭ،
ياشايسەن بەخىت ئىچرە، ئاشىدۇ ئارمان.

### ئۇرۇش

چۈجە-خوراز، ئىت-مۈشۈكلەر تالاشقان مەينەت،
ئىنسانلارمۇ زېمىن، بايلىق تالىشار مەنپەئەت.
بىرسى قىلسا قوغدىنىشقا قالقانىنى ۋاستە،
بىرى سوقار نەيزە-قىلىچ زورلۇقتۇر مەقسەت.

### ئەمەلدار

ئەمىرلەر ياقتۇرمىش پەقەت خۇش-خۇشنى،
خالايمىش ھەر كۈنى يۈزمىڭ ماختاشنى.
ئەگەر سەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرغا ئاتساڭ،
شەپقەتنى ئۇنتۇپلا كېسەرمىش باشنى.

### ئىرادە

ھەممەتتۇر ئۇ جۈرئەتلىكلەر قارارلاشتۇرغان،
تاپسا ئەكسىن قەتئىيلىكتە چوققىغا باشلار.
تىكلىسە گەر ھەربىر ئىنسان يۈكسەك ئىرادە،
ئېشىپ داۋام، قۇچۇپ مەنزىل، توساقتىن ئاشار.

# تېمىسىز پارچىلار

ۋەتەن دېسە ھەممىدىن بەك توۋلايسىز،
ئەمىلىيەتتە تەرلىمەستىن، راھەت ئويلايسىز.
چۈشىڭىزدەبەلكى، بەزەن دۈشمەن ئوۋلايسىز،
ئېغىزدا شەھەر ئالار، بىر پوچىمۇ يا سىز.

****

يالغۇز قىلسا بىرەر ئىشنى تىنىقى چىقماس،
ئولاش-چولاش قىلىنغاندا ئاسان قولاشماس.
پەم-پاراسەت ئىشلەتسىڭىز، كاللا قاتۇرۇپ،
گال پىچاقمۇ شەمشەر بولۇپ، كېسەر تۆمەنباش.

*****

ئەسلى ئىدىڭ سەبى ئىنسان، چىرايىڭ ئوچۇق،
بولدۇڭ مۇئاۋىن ۋاڭ خوجاڭغا، ئىمزىگەڭ قۇرۇق.
ئەتتىگەندە ئېلىپ تەلىم، كەچلىگى تازىم،
قىلالمايسەن بىرەر ئىشنى ئالماستىن بۇيرۇق.

*****

ئاددى پۇقرا ۋاقتىڭدا بىر دوستلاردىن ئىدۇق،
بولدۇڭ باشلىق، شۇندىن كېيىن يوللار ئايرىدۇق.
مەغرۇرلانما سەندىكى ئۇ، پاخپاخ لەگلەكتۇر،
چۈشەر دوملاپ شامال ئەسسە، لەگلىگىڭ سۇنۇق.

*****

ماختانچاقلىق پەقەت خاستۇر نادانلارغا،
ئاقىل ئىنسان ئۆچۈپ كەتمەس ئاشسىمۇ تاغلار.
نادان خەلقتە ئەخمەق تولا، پوچىلىق مودا،
نادان ئۆچار ماختاپ قويسا، قۇرغاندەك باغلار.

*****

ئۇيغۇر دېمەك ئۇيۇشقاقلىق ئەسلى مەنىسى،
ھازىر بولدى ئۇيغۇر بولماق ھەممىنىڭ تەسى.
قېرىنداشلار پېتىشمايمىز، يا قېتىشمايمىز،
دۇئا قىلسام قەدىركېچە، قايتارمۇ ئەكسى.

*****

دېدى، شەرتى مىللەتنىڭ تۆت خىل بولىدۇ،
بۇ شەرتكە توشقانلارلا دۆلەت قۇرىدۇ.
شەرتلىرىمىز ئوخشاش ئىدى، تەقدىرلەر باشقا،
كوممۇنىستلار ئەسلى ساختا، نامەرد كېلىدۇ.

*****

خىتايلار  ئاغرىمايمىش، ئاغرىسا ئۆلەرمىش،
كوممۇنىست خىتاي ئاغرىپ، پالەچ بوپتۇمىش.
مەزلۇم خەلقلەر تارتتى كۆپ ئۇنىڭ دەردىنى،
زومىگەرلەر ئۆز گۆرىنى ئۆزى قازارمىش.

*****

خىتاي دەيدۇ، ئۇيغۇر دېگەن ئەخمەق بىر مىللەت،
يېتىلەپ ماڭسا كېتىشۈرەر، قىلمايدۇ ھېچ رەت.
بىر تال بۆرە قوغلاپ-سۈرەر بىر توپ پادىنى،
چۈنكى پادا قارشىلىقچىن، قىلمايدۇ ھەرىكەت.

*****

بەزىلەر قوغلىدى دۇنيانى، ئۇنىڭغا يەتتى،
بەزىلەر قوغلىدى بىلىمنى، چوققىدىن ئاشتى.
قالدى ئۇيغۇر جاھالەتكە، يەتمىدى ھېچ كامالەتكە،
سەۋەبىدۇر ئەركسىزلىك، چەكلىمىلەر تولۇپ تاشتى.

*****

دەيمىز ئۇ قىلدى شۇنى، بۇ قىلدى زەپ بۇنى،
ئۆزىمىز نېمە قىلدۇق، ئويلىمىدۇق ھېچ ئۇنى.
دۆڭگەپ چاتاقنى باشقىغا، چېقىپ ئۆزىمىز قاشقىغا،
چىقالمايمىز بىر باشقا، گۇناھكار قىلىپ ھەممىنى.

*****

پەپىلىسە رەقىپ سېنى غەپلەتكە پاتتىڭ،
ئەركىلەتسە تۆلكە سېنى، تۇمشۇق يالىدىڭ.
ئويلىمىدىڭ ھەق نېمە ! ياشاش مەقسىدىڭ،
ئالسا سېنى ئالقىنىغا تويتەك ئوينىدىڭ.

*****

يۇكىمىز ئازكەن دەپ، ئارتىۋالدۇق تۆپىلەپ،
دۇشمىنىمىز ئازمىدى، دۇشمەن تاپتۇق ھەسسىلەپ.
ئېنىق دۇشمەن قىلىپ، غۇۋا دۇشمەن كۆزلەندى،
بىلمىدۇق ھېچ تاكتىكا، بولدۇق ئەسىر كۆپ تەرەپ.

*****

ئەركەكلەر بار ھەر يەردە، ئەركەك مەن دېگەن،
جىنىڭ ئەركەكلەر ئەمەستۇر، خەلقىم دېمىگەن.
ئەركەكلەر بار ھەر يەردە، ياشاش قەستلىگەن،
مەرد ئەركەكلەر ئەمەستۇر ۋەتەن دېمىگەن.

*****

زۇلۇم كۆردۇق ياتلاردىن، تۇققانلاردىن نە شەپقەت،
كۈرەش قىلدۇق توختىماي، دېمەس ھېچ كىم رەھمەت.
بولساڭ ئاجىز سەن ئەگەر، دۈشمەنكەنسەن ھەممىگە،
بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئېيتالمىدۇق دەرد- ھەسرەت.

*****

بەزىلەر قىلار غېمىنى ئاجىز-پېقىرنىڭ،
بەزىلەر يەر نېنىنى، يېتىم-يېسىرنىڭ.
پەرقى شۇدۇر ئۇلارنىڭ ياخشى-يامانلىق،
بولار بىركۈن ھېسابى قىلغان-ئەتكەنىنىڭ.

*****

جاللات قاتتىق ئۇرالماس، تاياقچىسى بولمىسا،
زالىم زۇلۇم سالالماس، يالاقچىسى بولمىسا.
تەگمەس قاتتىق قامچىمۇ، تۇتقۇچىسى بولمىسا،
پالتا ياغاچ كېسەلمەس سېپى ئۆزىدىن بولمىسا.

*****

دەيمىز بىزلەر چۈمۈلە ئاجىز ۋە ئۇششاق،
دەيمىز يەنە ئادەملەر بۈيۈك ۋە يورغاق.
شۇ چۈمۈلە قۇردى سەپ، قاتارتىزىلىپ،
بىز ئۇيغۇرلار تېخىچە يۈرۈيمىز تارقاق.

*****

تىبەتلەرنى بۇددىست دەپ ھېچ ياراتمايمىز،
قىلدى ئىش جىق ۋەتىنىگە، ئەسلا داراتمايمىز.
تىۋىشسىزتى ئەسلى ئۇلار، بىزلەر جەڭگىۋار،
ھازىر ئاشتى ئۇلار بىزدىن، نەزەرنى قاراتمايمىز.

*****

ياتلار ئاتسا تاش  ئۆتەردۇر ياندىن،
تۇققان ئاتسا تاش ئۆتەردۇر جاندىن.
بىلەلمىدۇق كىملەر يات، كىم قېرىنداش،
ئاتتى بىللە ھەممىسى، ئۆتتىغۇ قاندىن.

*****

قىلساق دۇئا،پۇل-مالغا شەخسى دۇئا،
قىلساق دۇئا باللارغا ياخشى دۇئا.
قىلساق دۇئا ئۇمۇملۇققا ئېسىل دۇئا،
قىلساق دۇئا مەزلۇملارغا ئۇلۇغ دۇئا.

*****

دېدۇق، ئۇ يۇرتلۇق ئەسكى، بۇ يۇرتلۇق ياخشى،
دېدۇق، ئۆزلەدىن باشقىسى، ئەمەستۇر ياخشى.
كەلسە خىتاي كۆلىدىن بىر سۆز دېمىدۇق،
يۇرتۋازلاردىن مىللەتكە، مىللەتچى ياخشى.

*****

كوممۇنىستلاردا قانۇن يوق، ئۆزى قانۇنسىز،
دەيدۇ ئۇلار مىلتىقنى بىز قانۇن قىلىمىز.
باندىتلاردۇر ئەسلى ئۇلار، ئىنسان ئىۋۆچىسى،
شەپقەتسىز قىرغىن قىلدى، مىللىيونلار ئىزسىز.

*****

يالغانچىنى دەيمىز بىز قۇيرۇقى بىر تۇتام،
گۇپپاڭچىنى دەيمىز بىز ئۇچۇرار تامام.
سۇخەنچىنى دەيمىز بىز قىلىقسىز-يامان،
تۆھمەتخورنى دەيمىز بىز، قارا يۈز قاۋان.

# رابىيە قادىر ھەققىدە داستان

<1>

ئاقتى ئالتاي ئاسمىنىدىن يورۇق بىر يۇلتۇز،
قادىرخانلار ھويلىسىغا ئۇ قارىغانچە تۇز.
تۈنەپ قالدى ئاقار يۇلتۇز بۇ چوڭ ھويلىدا،
ياتار ئىدى بىر ئانىجان ئىڭراپ دالدىدا.
قاتتىق ئىدى بۇ ئانىنىڭ تولغىقى ئەجەپ،
ئاتاجانمۇ ھەيران قالدى بۇ نېمە ئىش دەپ.
شۇ ئەسنادا چاقناپ كەتتى ئەتراپلار يورۇپ،
ئانا شۇئان بىر تىترىدى تولغۇنۇپ تۇرۇپ.
تولغاق ئۆتتى ناھايىتى تېزلا،
بىر بوۋاق چۈشتى ئىڭە دەپلا.
ئائىلە چۆمگەن ئىدى چەكسىز خۇشلۇققا،
ئاتا قادىر تولغان ئىدى بەكمۇ شادلىققا.
يىغىسىدىن ئۇنىڭ بىر خىل مۇڭلار تارايتى،
كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا بەكمۇ قارايتى.
كىندىكلىكى بۇ بوۋاقنىڭ كېسىلدى ئاسان،
كۆممەك ئۈچۈن ئۇنى ئاتا چىقتى تاغ تامان.
كولىغانتى يەرنى پەملەپ گۆرجەكتە توپا،
كۆز چاقنىتىپ پەيدا بولدى پارقىراق شولا.
بۇ شولىلار چىققان ئىكەن ئالتۇندىن تاراپ،
قادىرخان توۋلاپ كەتتى خۇشلۇقتىن يايراپ.
ئالتۇن! ئالتۇن! ئالتۇن تېپىلدى!
ئاللاھ بەردى بىزگە، رىزىق قېتىلدى.

قانداق ئۇلۇغ بىر خىسلەت بوۋاقتا باردۇر؟
بەلكى ئاقىقان ئۆكەر يۇلتۇز ئۇنىڭغا ياردۇر؟
ئاتا قادىر نەزىر بېرىپ، تىلاۋەت قىلدى،
بۇ بوۋاققا گۈزەل ئىسىم ئىلاۋەت قىلدى.
ئەي، بوۋىقىم بولسۇن ئىسمىڭ رابىيە سېنىڭ،
ماڭا ئەمەس ئەلگە مەنسۇپ جېنىڭ ۋە تىنىڭ.
ئاتىدۇق سېنى بىز مەھكۇم ۋەتەنگە،
ئېلىپ كەلگىن ئازادلىق شۇ ئانا يەرگە.

<2>

رابىيەنىڭ يېشى تولۇپ مەكتەپكە باردى،
تۇنجى بولۇپ دەپتەرگە شۇلارنى يازدى:
«ئېتىمدۇر مېنىڭكى رابىيە قادىر،
تىرىشىپ ئوقۇيمەن، بولىمەن نادىر.
مىللىتىم بېشىغا دەرد-ئەلەم كەلسە،
خۇددى پەرىشتىدەك بولىمەن هازىر.»

كۈنلەر ئۆتتى، يىللار ئۆتتى، جاهان ئۆرۈلدى،
رابىيەمۇ ئەقىل تېپىپ، جىق ئىشلار كۆردى.
ئۆستى ئۇ كۆيۈمچان، خەلق ئەس- يادى،
دەردلىك ئىكەن ئانىسى، ئاتا پەريادى :
ئەمەس ئىكەن يۇرتى ئازاد،
ياتلار كېلىپ قىلىپتۇ بەرباد.
سەرسان ئىكەن ئەل-خالايىق زۇلۇم دەستىدىن،
قوغلىنىپتۇ نۇرغۇن كىشى يۇرت ۋە رەستىدىن.
قادىرخانمۇ ئال قالماپتۇ قوغلاش - پالاشتىن،
ئەمەسكەن يۇرتنى تاشلاش ئۆزى خالاشتىن.

ئايرىلىشتىن ئانا ـ بالا غەملەرگە تولدى،
ھەممىدىن بەك رابىيە دەرغەزەپ بولدى.
خىتاي ئالغان خەلقتىن ھەممىنى تارتىپ،
ئۇرۇپ ـسوقۇپ، قوغلىدى گۇناھلار ئارتىپ.
خىتايلارنىڭ مەقسىدىتى يەرنى بوشۇتۇش،
كۆچمەن يۆتكەپ شەھەرگە ئۆزى ئولتۇرۇش.
قادىرخانلار بولدى بۇ رەت دۈشمەنگە ئولجا،
بولدى باغچە ـ ھويلىلارغا خىتايلار غوجا.
ئانا ـ بالا، نارسىدىلەر يۈك ـ تاقنى ئالدى،
تۇغۇلغان ، مۇقەددەس جاي ياتلارغا قالدى.
ماڭدى ئۇلار قەدىم يۇرت ئاقسۇنى كۆزلەپ،
ئاشتى تاغلار، قالدى باغلار يۇرىدى كۆپلەپ.
جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەنزىلگە يەتتى،
ناتونۇش بىر يېڭى يۇرتتا گاڭگىراپ كەتتى.
قالدى ئۇلار بىر كونا ئۆينى ئىجارە ئېلىپ،
گۈزەللەتتى يەرلەرگە گۈل ـ گىياھ تېرىپ.
قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت ئىكەن،
قاپىلغانتى ئاقسۇنمۇ تەتۈر جۇت ـ تىكەن.
رابىيە قىز يېڭى يەردە ئوقۇشسىز قالدى،
تەتۈر قاينام، كۈرەشلەردە يۈرەكلەر سالدى.
ئانا ئىدى بەك كېسەلچان، باللار ئۇششاق،
زاغرا نان ۋە سۇيۇق ئاشتا تويمايتى قورساق.
ياش رابىيە ئالدى ئۆينىڭ ئېغىر يۈكىنى،
ئانىغا قول، بالىغا باش بولۇپ ئۆتتى كۈنى.
قادىرخانمۇ تۇرار ئىدى خەۋەرلەر يوللاپ،
كېلەر ئىكەن پات يېقىندا ئاقسۇنى بويلاپ.
شۇ ئارىدا يوچۇن بىرسى ياردەمدە بولدى،

ئۆي ئىشى ۋە بالىلارغا ھەمدەمى تولدى.
ئەمما ئۇ پۈككەن ئىكەن غەيرى بىر نىيەت،
رابىيەنىڭ قەلبىنى ئۇتۇپ ئالماقكەن ئەبەت.
رابىيە قىز بۇنىڭغا كۆنمەيتى قەتئىي،
ئىدى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئوقۇش تەبئىي.
پۈككەن ئىدى رابىيە ئىلىم قوچۇشنى،
ئالىم بولۇپ پەنلەردە كۆكتە ئۇچۇشنى.
ئايلانغانتى بۇ دەۋر قاراڭغۇ زۇلمەتكە،
ئىلىم- ئىرپان ياتلاشقان ياۋ  مەينەتكە.
ئىلىم ئورنى مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندى،
ئوقۇش، ئىلىم - پەن چۆرۈپ تاشلاندى.
رابىيە قىز ئوقۇي دېسە مەكتەپ تاقالدى،
مۇئەللىملەر سېسىق دەپ داشقال ئاتالدى.
تۇيۇقسىزلا رابىيە بەك گۇماندا قالدى،
قىزىل ياشلار ئۇنىڭغا چاڭگاللار سالدى.
تارتىپ چىقىپ قىلىندى كۈرەش نىشانى،
سەۋەبىدۇر ئەيىبلىگەن قىزىل ئىسيانىنى.
دېدى ئۇلار رابىيەنى ياشكەن، ساراڭكەن،
داھىي رەسىمىنى يەرگە ئاتقان راسا قارامكەن.
ئېسىپ تاختاي بوينىغا، بەردى بەكمۇ ئازارى،
سۆرەپ كوچا - دوقمۇشلاردا قىلدى سازايى.
نەچچە كۈنلەپ كۈرەش قىلىپ قاقشاتتى ئۇنى،
تەھدىت سېلىپ دېدى قىلما، ئىككىنچى بۇنى.
ئاناجاننىڭ دەردى ئاشتى، مادارى قاچتى،
رابىيەنى ياتلىق قىلىش كۆڭلىدىن كەچتى.
رابىيەنى ئۆيلەپ قويدى خوشنا بىرىگە،
ئۇ ئەمەستى رازى ھەرگىز غەلەت ئېرىگە.

ئابدىرېھىمكەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى جايىدا،
بوپتۇ كادىر كومىمۇنىستىنىڭ ھېمايىسىدا.
رابىيەنىڭ ئارزۇلىرى كۆككە سورۇلدى،
ئانا رايى، زامان زارى قوشلاپ ئۇرۇلدى.
ئەمدى بولدى رابىيە بىر ئۆيگە ئانا،
ئەمما دەيتى ئىچىدە ۋەتىنىم ئانا.
كۆپ ئۆتمەي كۆزى يورۇپ، پەرزەنتلىك بولدى،
ياش ئانىجان رابىيەمۇ خوشلۇققا تولدى.
ئارقا-ئارقىدىن پەرزەنتلىرى بەشكىمۇ توشتى،
بېقىپ پاكىز باللارنى ئۇ قاتارغا قوشتى.
بىر تەرەپتىن ئۆز باللىرىغا قارىدى ئانا،
بىر تەرەپتىن خوشنىلارغا ياردەمچى يانا.
گۈل-كەشتىلەر ئۆگەتتى، خوشنا- ياشلارغا،
بازار قىلدى مەخپىي، بەزەندە ئاشكارا.
ھەممە دېدى رازى بولۇپ، رابىيەنىڭ قولى گۈل،
ئۆيگە ئالدى ئاش-تارماق، ھاياتقا سالدى ئۇل.
بۇ زامانىكەن بەكمۇ تار، ئەمدى ئۇنى چۈشەندى،
بولغان ئىدى ئابدىرېھىم ئۆز يېنىدىن كۈشەندى.
رابىيەنى كەمستىپ بەكمۇ ھەددىدىن ئاشتى،
بازارچى سەن قارا دەپ ، زەردىنى چاچتى.
رابىيەنىڭ ئېسى - يادى ۋەتەن، مىللەتتە،
ئابدىرېھىمنىڭ مەقسىدى ئۆسۈش تەختتە.
ئىككى ۋۇجۇد، ئىككى نىشان بىرلىشەلمىدى.
يول ئايرىدى ئۇلار ئاخىر، ئەپلىشەلمىدى.
بولدى ئازاد رابىيەمۇ روھىدا بىر پەس،
راھەتقىنا ھۇزۇرلىنىپ ، ئالدى بىر نەپەس.

<3>

پۈككەن ئىدى رابىيە بۈيۈك ئارزۇ - ئارماننى،
تىكلەپ يېڭى ھاياتنى يىغدى يەنە دەرماننى.
باغلىدى ئۇ بەلنى چىڭ، غەمنى تاشلىدى،
كىرخانا قىلىپ بىر دۇكاننى ئىشنى باشلىدى.
دەسلەپ تاپتى بەش سوم، ئازراق بولسىمۇ،
رازى بولدى بۇنىڭغا بەك قورساق تويسىمۇ.
بىرلەپ - ئونلاپ خېرىدارى كۆپەيدى پەللە،
كىرىمىمۇ ئاشتى كۈنلەپ، تومپايدى غەللە.
تىجارەتكە كۆزى يەتتى، ئەقلىمۇ تەلدى،
شەھەر كېزىپ، مال سېتىش كۆڭلىگە كەلدى.
ئەمما ئىدى بۇ زامان يېپىقلىق تۈگۈلۈك،
سودا-سېتىق مەخپىي ئىدى، بازارلار ئۆلۈك.
رابىيەدە بارتى جۈرئەت، قورقمىدى قەتئىي،
ئۆز ئەقلىگە تېخىمۇ كۆپ ئىشەنچى يەتتى.
ئاقسۇ، شايار، توقسۇدىن تېرىلەر ئالدى،
بازار كۆزلەپ خوتەن تامان يولنىمۇ سالدى.
غازىيانە خوتەن ئەسلى تېگىدىن بايتى،
رابىيەنىڭ بوۋىلىرى ياشىنغان جايتى.
تاپتى ئىززەت ئاجايىپ بەك ، ئاتا ماكاندىن،
قارشى ئالدى خەلق ئۇنى، يۈرەكتىن-جاندىن.
ماللىرىمۇ قىلدى پايدا، بىرگە ئون ھەسسە،
سېتىپ ئالدى خېرىدارلار مالنى بەس-بەستە.
قىلدى شۇنداق تىجارەتنى خېلى بىر زامان،
بېرىش-كېلىش يوللىرى بولدى تىنچ - ئامان.
بۇ ئارىدا يوقلاپ تۇردى باللىرىنى پات - پات،
ئېلىپ باردى سەبىيلەرگە سوۋغا قات - قات.

ئاتاجان ۋە ئورۇق - تۇققان ئۇنى قوللىدى،
ئەمما يالغۇز- بويتاقلىقنى توستى، يوللىدى.
بۇلالمايمىش ئايال كىشى يالغۇز بىر تۇلپار،
ئۆرپ-ئادەت، قائىدىلەر يول قويماس زىنھار.
رابىيەمۇ ئامالسىز ئەتتى قوبۇل ئاتا رايىنى،
مىللەتسۆيەر  بىرى چىقسا ئاتار بارىنى.
ئاڭلىدى بىر كۈنى رابىيە راستلا خۇشخەۋەر،
بار ئىكەن بىر يىگىت ھەم  مىللەتنى سۆيەر.
ئىزدەپ-تېپىپ بۇ يىگىتنىڭ بىلدى يۇرتىنى،
كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى يىگىت تۇرقىنى.
قەدىمي يۇرت ئاتۇش ئەسلى ھىممەت ماكانى،
ئانار - ئەنجۈر مىۋىلىرى شەربەت تامامى.
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلامنى ئاچقان،
قۇتلۇق شەۋقي، داموللام يېڭىلىق قاتقان.
مەمتىلى ئەپەندى ھەم مارش ياڭراتقان
ئىلىم سۆيەر مۇساباي مەكتەپلەر ئاچقان،
ئىلىم نۇرى مەرىپەت، گۈللەپ نۇر چاچقان.
يىگىتلىرى ئىلىم سۆيەر، مىللەتچى ئاندىن،
سىدىق دېگەن بۇ يىگىت چىققان زىنداندىن.
ئىزدەپ سوراپ باردى ئۇ سىدىق بار يەرگە،
سالام دەپ كىردى ئۆيگە، چۆمگەنتى تەرگە.
قالدى سىدىق ھەيرانە كۆزىنى ئېچىپ،
تۇراتتى بىر پەرىشتە ئۆزىگە بېقىپ.
سورىدى سىدىق دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ،
كىم ئۆزىڭىز، تۇرىسىز نېمىشقا ماراپ؟
«ئېتىم مېنىڭ رابىيە، بەك يىراقتىن ئۆزۈم،
باردۇر سىزگە دەيدىغان يۈرەكتىن سۆزۈم.

ئىزدەپ كەلدىم بۇ يەرگە ۋەتەن دېگەننى،
ئاتاپ جاننى خەلقىگە، غېمىن يېگەننى.
مەن ئۆزۈممۇ بەرگەنمەن ۋەتەنگە مۇھەببەت،
بولماقچىمەن سىزگە ھەمرا ئۆمۈرلۈك ئەبەت.»
سىدىق قالدى بۇ ئىشقا بەكلا گاڭگىراپ،
تۇرۇپ بولدى بەك خۇشال كۆڭلىمۇ يايراپ.
رابىيە ۋە سىدىقجان سۆزلەشتى بىر رەت،
مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تۆكۈشتى ھەسرەت.
چىقتى مەقسەت بىر يەردىن سۆزلىرى ھەتتا،
بولدى سىدىق رابىيەگە بەكمۇ مەھلىيا.
ئانىسىمۇ سىدىقنىڭ بولدى بەك خۇشال،
بىر جۈپ ياشقا تىلىدى بەخت-ئىستىقبال.
قىلدى ئۇلار نىكاھنى بۇ يەردە پىنھان،
قىلالمىدى توي چېيىنى چاقىرىپ مېھمان.
ئالالمىدى سىدىق ھەتتا بىر تالمۇ بېزەك،
پەقەت بولغان ساپ ئەقىدە ئۇلارغا كېرەك.
بىر جۈپ يۈرەك غايە ئۈچۈن بىرلەشتى ھامان،
گۇۋاھچىسى بولغان ئىدى، زېمىن ۋە ئاسمان.

<4>

رابىيەنىڭ يولى ئىدى ئۇزۇن ۋە داغدام،
قوشتى سۆيگۈ رابىيەگە غەيرەت ۋە چىدام.
ئالدى يەنە تىجارەتنى قايتىدىن قولغا،
قەدەم قويدى مەقسەت ئۇنى باشلىغان يولغا.
بېرىپ خوتەن-قەشقەرلەرگە شەھەرلەر كەزدى،
پۇل تېپىشقا يېڭى بازار، يېڭى مال سەزدى.
قەدىمي يۇرت، قەشقەر ئەسلى ئاۋات بىر بازار،

ئىلىم چاچقان ئەھلى ئالىم، سۇلتانغا مازار.
داڭلىق ھېيتگاھ مەسچىتى بەكمۇ ھەيۋەتكەن،
خەلقى ئىشچان-چىۋەردۇر، يۇرتنى گۈللەتكەن.
كېلىپ رابىيە قەشقەرگە ئىزدىدى ئۇچۇر،
ئايالكەن دەپ ھېچكىممۇ تاپمىدى قۇسۇر.
دىيىشچە بىر كىشىنىڭ ياغاچ بازاركەن،
قارلاچ دېگەن بىر يۇرتتا ئەرزان ساتاركەن.
ئىزدەپ - سوراپ رابىيە باردى قارلاچقا،
قارلاچ ئىكەن ناھايىتى باي تېرەك-ياغاچقا.
ياغاچ ئالدى كۆپ تاللاپ ئەگرىسىز تۈزنى،
بىر نۆۋەتتە ئېلىپ باردى قەشقەرگە يۈزنى.
ياغاچلارنىڭ دانىسى ئوبدان سېتىلدى،
رابىيەنىڭ پايدىسىغا كۆپ پايدا قېتىلدى.
يالغۇز كەلدى رابىيەخان سودىدا قەۋەت،
سىدىقجانغا بېرىلمىگەن يىراقتا رۇخسەت.
ئىكەن يېرىمى قاراڭغۇ بۇ ئاي، بۇ كۈننىڭ،
ئايدىڭلاركەن بەزىدە، يۈزىمۇ تۈننىڭ.
كەلدى بىر كۈن يىراقتىن ئاجايىپ خەۋەر،
ئۆلۈپ ماۋزېدوڭ دوزاققا قىلىپتۇ سەپەر.
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» توختىدى بىردىن،
سولانغان ۋە پالانغانلار ئاقلاندى ئاندىن.
ئالدى سىدىق يول مېڭىشقا ئەمدى رۇخسەت،
ھەمراھ بولدى رابىيەگە قوغداشتى مەقسەت.
باردى بىرگە قارلاچقا تۇرۇپ يانمۇ - يان،
ئېلىپ قايتتى ياغاچ يەنە توختىماي ھېچ ئان.
ئارلىق ئىدى خېلى ئۇزاق ھەمدە باياۋان،
يوللار ئىدى ياسالمىغان، خېلىلا ۋەيران.

ئولتۇرغانتى ئىككى دىلداش ياغاچتا تەستە،
هارۋا قىيىپ، دۆۋە ياغاچ ئۆرۈلدى پەسكە.
سىدىق قالدى غول تەرەپتىن ياغاچ تەكتىدە،
رابىيەمۇ بىسلىپ قالدى بەلدىن تىرەكتە.
قالدى ئۇلار بىر هازا يارلىنىپ هوشسىز،
جاڭگال ئىدى بۇ يەر ئادەم - ئىنسانسىز.
ئۆتكەنكىن قانچە ۋاقىت بىلىنمەس ئىنىق،
قالغان ئىدى ئۇلاردا هەم ئاخىرقى تىنىق.
چىقتىمكىن يەر تىگىدىن ياكى ئاسماندىن،
پەيدا بولدى بىر كىشى تۇيۇقسىز ياندىن.
تارتىپ چىقتى ئىككىسىنى ياغاچتىن تېزدىن،
كۆرۈنمەيتى هېچبىر بەلگە كەتكەن ئىزىدىن.
بولدى هەيران ئىككىسى بىر- بىرىگە قاراپ،
خىزىرمىدۇر ياكى ئىنسان قالدى تېڭىرقاپ.
نىمە بولسۇن بۇ ئىدى ئاجايىپ قىسمەت،
مۆجىزىدۇر بەلكىم بۇ، سىرلىق بىشارەت.

<5>

ياشىنىتاركەن ئىنسانىنى ئىش ۋە هەرىكەت،
ئادىل قىلسا تىجارەتنى تاپاركەن بەرىكەت.
پۇلمۇ بولاركەن بەزىدە مەقسەتكە ۋاستە،
پۇلسىز بولسا نىشانغىمۇ يىتەركەن تەستە.
رابىيەنىڭ مەقسىدى ئەمەس باي بولۇش،
ۋە ياكى جىق پۇل تېپىپ، كىبىرگە تولۇش.
قىلدى رابىيە قەشقەردە ئىش - ئوقەت،
ئەمدى تارتتى كۆڭلىنى باللىرى قەۋەت.
كەلدى يەنە ئاقسۇغا پەرزەنت يوقلاشقا،

ئورۇق ـ تۇققان، ئەل كۆڭلىنى يەنە تولغاشقا.
باللىرى، ئورۇق-تۇققان ئىكەن تېنچ ـ ئامان،
ئەمما بولۇپتۇ خەلق كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان.
كوممۇنىستلار ئەسلىدىنلا قاۋاندۇر، فاشىست،
ساقچىلىرى ئادەم تالار، غالجىرلاشقان ئىت.
ئۇلار ئۇچۇن خەلق دېگەن يېتىم بىر قوزا،
ئورۇپ ـ سوقۇپ، قان ئىچىش ئۇلارغا دورا.
يولاق دېگەن يىگىت ئىدى سەبى ـ ناتىۋان،
تۇتتى ئۇنى گۇمان بىلەن ساقچى بىر ھايۋان.
باغلاپ ئۇردى ئۇچى بىرگە،
ئاغزىدىن تىقتى ئۇزۇن لۇڭگە.
يولاق قالدى تېقىدىن،
قانلار ئاقتى زېنىقىدىن.
كېڭەيدى بۇ ئىش ئاقسۇغا تېزدىن تارقىلىپ،
ئاتا-ئانىسى يولاقنىڭ چىقتى ئەرز قىلىپ.
كوممۇنىستلار ھەق ئەرزنى قويمىدى ئاڭلاپ،
تېپىپ چىقتى بىر شۇملۇقنى مەخپىي پىلانلاپ.
پۇل تاشلىدى 20 مىڭ سوم جەسەت سېتىشقا،
قىستىدى ھەم ھازىدارنى ئەرزنى يېپىشقا.
ئاڭلاپ بۇ خەۋەرنى رابىيە كەلدى غەزەپكە،
باردى دەرھال ئىشنى تاشلاپ ھازىدار ئۆيگە.
دېدى ئۇلارغا جەسەتنى قەتئىي ساتماڭلار،
ئۆرپ ـ ئادەت، دىن يولىدىن قايتماڭلار.
بەردى ئۇلارغا 20 مىڭ پۇل ئۆزى يېنىدىن،
كەچمەسلىككە كېلىشتى يولاق قېنىدىن.
مەمەت باش 4-5 يىگىت كەلدى بىرلىككە،
ناھەق ئۆلۈم ۋەقەسىنى يايدى تېزلىكتە.

خەلقى شەھەر ئاقسۇنىڭ قوزغىلىپ كەتتى،
كۆتۈرۈپ ئۇلار جەسەتنى ساقچىغا يەتتى.
ختاي زالىم چۆچۈدى قاتتىق ھودۇقۇپ،
مىڭلاپ ختاي قاچتىلار توقۇمنى توقۇپ.
كۆرستىلدى خەلقىنىڭ كۈچى يەنە بىر،
ختايلار نامايىشدىن تىتىردى دىر-دىر.
مەجبۇر بولدى ختايلار ئەرزنى ئېلىشقا،
جاللاتنى يولاقىنىڭ ھەم تۈرمىگە سېلىشقا.
رابىيەگە بولدى بۇ تۈنجى جەڭ - ئەلەم،
ئىكەن پۈلمۇ بەزىدە غەلىبىگە ھەمدەم.

<6>

سىياستى كوممۇنىستىنىڭ خۇددى خامىلىيون،
بىر كۈنى دەيدۇ ئاقنى قارا، بۇغدايىنى زاغۇن.
بولغان ئىدى سىدىق بۇرۇن جىنايەت بېشى،
ئىكەن بۇگۈن ئاپ-ئاپپاق، ئىچى ۋە تېشى.
چىقىرىلىپتۇ يېڭى تۈزۈم سىدىقنى ئاقلاپ،
خىزمىتىنى قايتا بېرىپ، كۆڭلىنى ياقلاپ.
باردى سىدىق ئۈرۈمچىگە يەنە مۇئەللىم بولۇپ،
بۇ پۈرسەتنى قولغا ئالدى، ھېسلارغا تولۇپ:
<< قىلاي خىزمەت مەكتەپتە مىللەتكە شۇنچە،
يېتىشتۈرەي يېڭى ئەۋلاد، يېڭى بىر غۇنچە.
ئەلەم يوقسا ئالاي قەلەم، ۋەتەننى كۈيلەي،
سىياھ تىلىدا بايان ئەيلەپ، ھەقىقەت سۆزلەي.>>
رابىيەمۇ بەردى مەسلىھەت سىدىقا كۆپلەپ،
باردى بىللە ئۈرۈمچىگە مەقسەتنى كۆزلەپ.
قۇيۇلغانتى يەنە بۇ كۈنلەردە بازارلار ئوچۇق،

چىقتى ئىمكان، كەلدى پۇرسەت سودىغا يوچۇق.
ئەمما ئىدى بازارلار ناھايىتىمۇ تۇرغۇن،
ئالارغا ئاز، ساتارغا يوق، چىرايلار سۇلغۇن.
باردى رابىيە سېپىل ئاتلاپ ، دېڭىز بويىغا،
ھەممە نەرسە باشقىچىكەن خىتاي يۇرتىدا.
كېڭىيىپتۇ بۇ يەرلەردە زاۋۇت بازارلار،
تېپىلاركەن يېڭى ماللار، يېڭى تاۋارلار.
ئېلىپ ئۇ ھەرخىل مالدىن ۋەتەنگە سالدى،
تاپتى بۇندىن خېلى پايدا، مەبلەغلەر قالدى.
قانچە قېتىم باردى-كەلدى، پايدىمۇ ئاشتى،
ئەمما خىتاي ساقچىسىنىڭ ھەستى تاشتى.
قايتىپ ماڭدى ۋەتەنگە، يېنىدا جىق مال-دۇنيا،
قىلماقچىتى چوڭ ئىشلار دەسمى قىلىپ ئۇ يانا.
سالاتتى خىيالىدا ئۆز يۇرتىدا بىر ساراي،
قىلماقچىتى تىجارەت، ياقا-يۇرتقا قارىماي.
تۇساتتىن قورشىۋالدى ساقچى ئۇنى ئولجىدەك،
ئېتىلىشتى مال-دۇنياغا، ئېچىرقىغان سالجىدەك.
دېيىشەتتى بۇ پۇللار بىزگە قارامدۇر،
سەندەك بىر ئۇيغۇرغا بايلىق ھارامدۇر.
بىلىپ قوي بۇ يۇرت خەنلەرگە تەۋە،
سەن ياشىنغان يېڭى يەر، باشقا ئەلدە.
تارتىپ ئالدى ماللارنى، بىر تىيىنمۇ قويمىدى،
نەپسى بالا خىتاينىڭ، ھەممىنى ئېلىپ تويمىدى.
يالۋارسىمۇ رابىيە قىلمىدىغۇ ھېچ ئىنساپ،
دېدى كۇرۇلداپ، بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساب.
قايتىپ كەلدى رابىيە ۋەتەنگە بوش قول،
تۇتتى يەنە ئويلىنىپ باشقىچە بىر يول.
<<ئۆز ئۆيىمىنىڭ خوشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى>>

دېگەن ئىكەن ئاتىلار، كۆرگەن دۇنيا خوشلۇقى.
رابىيە ھېچ ياتمىدى، ئۆز يۇرتىدا شاد ئىدى،
تۇردى قايتا بىلەكنى، ۋەتەن ئىدى ئەس - يادى.
ئۆتۈپ جەنۇپ قۇۋۇقتىن، دۆڭكۆۋرۈكنى ئارلىدى،
دۇكان ئىزدەپ سودىغا، ھەر دوقمۇشنى مارلىدى.
تاپتى بىر تار كوچىدىن ئەپچىلگىنە بىر يەرنى،
ئىش باشلىدى يېڭىدىن، تۆكتى يەنە كۆپ تەرنى.
كىيىم-كېچەك، لاتىلار، قويدى يەنە تور - چىمەن،
كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، تاپتى يەنە پۇل تۈمەن.
ئانا يەرنىڭ خىسلىتى باشقىچىكەن كارامەت،
بەركەت بېرىپ ئىنسانغا، ياشنىتاركەن ئالامەت.
خەلق ئەسلى قايىنامكەن، ئەلنىڭ ئۆزى بايرامكەن،
ئىنسان ئەسلى ئۆز يۇرتتا گۈللەپ -يايىراركەن.
رابىيە كۆپ ئىشلىدى، ئۆلاپ كۈندۈز - كېچىنى،
روناق تاپتى كۈنسىرى، قىلغاچ رازى ھەممىنى.
كۆردى بىر كۈن دوقمۇشتا، تاشلاندۇق بىر جاينى،
كەلدى خىيال كۆڭلىگە بازار قىلىش بۇ ساينى.
سېتىپ ئالدى بۇ يەرنى، ھەقنى تۆلەپ ئىجارە،
ئەخلەت تېرىپ، پاكىزلەپ، قىلدى كۆپ چارە.
ئىسمى قويدى بۇ يەرگە خانىم - قىزلار بازىرى،
بولسۇن دېدى ئۈمىدتە، كەمبەغەللىك مازىرى.
خانىم - قىزلار بايرىمى 8-مارت قىلدى جۇش،
رابىيە دەل بۇ كۈنى، ئاچتى بازار كۈلۈپ خۇش.
دەسلەپ كىرگىنى بولدى بىر جۇل-جۇل دىۋانە،
كۆرۈنەتتى ئۇ خۇددى ھاتەم كەبى نۇرانە.
بەردى ئۈنىڭغا رابىيە يېڭىدىن پۇل ئېلىپ،
دۇئا قىلىپ كەتتى بەك، كۆز يېشى قىلىپ.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بازار بولدى بىر قاينام،
ماللار تۇگەپ سېتىلدى، قالمىدى بىر شام.
قىلدى يەنە دۇكانچە، ئايرىم قىلىپ بۆلەك،
ئالدى ئىشسىز قىزلارنى، ساتقۇچى قىلىپ يۆلەك.
جەمئىي بولۇپ ئىشچى قىز ئوتتۇزغا يەتتى،
كەمبەغەللىك - قاششاقلىق ئۇلاردىن كەتتى.
بولدى ئۇلار سودىدا خۇش مۇلايىم - غەمگۇزار،
شۇڭلاشقا بۇ ئەخلەتخانا بولدى چوڭ بازار.
رابىيەنىڭ شۆھرىتى جاھانغا تېز تارقالدى،
نامى كېتىپ ھەر يەرگە، تونۇمىغان ئاز قالدى.

<7>

رابىيە تېز باي بولۇپ، چوڭ مىليونېر ئاتالدى،
ئاخباراتچى قانالىلار ئۇنى كۆپلەپ سىن ئالدى.
بۇنى كۆرۈپ خەلقنىڭ خۇشاللىقى بەك ئاشتى،
ئەمما يەنە كىملەرنىڭ ھەسەتلىرى بەك تاشتى.
دېدى شۇنداق بەزىلەر پارتىيە بەك مەرد-سېخى،
ئاياللارمۇ باي بولدى كەڭ سىياسەت بار تېخى.
كوممۇنىستلار ھىيلىگەر، شەيتانغا دەرس بېرەر،
كىم باي بولۇپ ئۆرلىسە، شەپقەتچى بىز دېيىشەر.
رابىيەنى چىللىدى قۇرۇلتاي ۋە كېڭەشكە،
مەقسىدىتى ئۇلارنىڭ ئايلاندۇرۇش كېكەشكە.
شەرتى ئىدى ئۇلارنىڭ ۋەكىل بولۇپ جىم تۇرۇش،
سۆكۈت قىلىپ ھەممىگە، تەزىم قىلىپ باش ئۇرۇش.
كوممۇنىستلار بۇ نۆۋەت چوتنى خاتا - خام سوقتى،
رابىيەدە ئەزەلدىن خۇشامەتكار خۇي يوقتى.
ھەر يىغىندا كېڭەشنىڭ رابىيە ھەق سۆزلىدى،

ئاۋازى بولۇپ خەلقنىڭ، ھەقىقەتنى كۆزلىدى.
باردى ھەتتا بېيجىڭغا ۋەكىل بولۇپ ئۇيغۇرغا،
ئېلىپ خەلق تىلىگەن قويىدى دادىل ئوتتۇرغا.
قىلدى قورقماي شىكايەت ناھەقچىلىق-زۇلمەتتىن،
ۋاڭ-جاڭلارنىڭ قىلمىشى ئەلگە سالغان كۈلپەتتىن.
ھەممىدىن جىق سۆزلىدى ۋاڭ جاللاتنىڭ ھەققىدە،
ياشىيالماس تىنچ - ئامان خەلق ئۇنىڭ دەستىدە:
چىقاردى ئۇ ئۆزىچە نۇرغۇن يەرلىك سىياسەت،
قىلدۇرماقنى ئىستىدى ئەلنى مەجبۇر ئىتائەت.
ئۇيغۇر دېدى بۆلگۈنچى، يەنە كېلىپ تېرورچى،
تۇتقۇن قىلىپ باستۇردى، قانغا تولدى قېلىچى.
97 (-يىلى) ئىلىدا خەلق قوزغۇلۇپ تەۋرەندى،
نامايىش قىلىپ كوچىدا، قاتار بولۇپ سەپلەندى.
نامايىشتا ئۇلار ساپ تەلەپ قىلدى ھەق - ھوقۇق،
تىنچ شۇئار، قولىدا سۇنۇق تۆمۈر يوق.
ئەمما دېدى ۋاڭ لىچۈئەن بۇلار زادى تېرورچى،
باستۇرمىساق بۇلارنى بولماس ئامان يۇرت ئىچى.
بۇيرۇق بەردى ساقچىغا ھەتتا پۈتۈن ئەسكەرگە،
چەيلەپ- ئېتىپ، قىرىڭلار، بىز غوجىمىز بۇ يەرگە.
ئوق چىقاردى ئەسكەرلەر قورالسىز بۇ  دېمەستىن،
قويۇپ بەردى ئاپشاركا ئۆزى ئاۋۋال يېمەستىن.
تۇتقۇن بولدى شۇنداقلا ئونمىڭلىغان يىگىت - ياش،
قانغا تولدى كوچىلار ئېرىق - ئۆستەڭ، توپا - تاش.
ئىلى دەريا ئۆرلىدى غەزەپ بىلەن دولقۇنلاپ،
قىلدى تازىم تەڭرىتاغ شېھىت روھىن ئۇلۇغلاپ.
خەۋەر تاپتى رابىيە ئۆتۈپ بىر كۈن ۋەھشەتتىن،
كەلدى دەرھال ئىلىغا، غەزەپلىنىپ دەھشەتتىن.

سوراپ بىلدى ئەل-يۇرتتىن ھەممە ئىشنى
تەپسىلىي،
كۆردى ئىزنا ناھايىتى كۆپ ۋەھشىيلىكتىن ئەمەلىي.
يىزىپ - تىزىپ ئەھۋالدىن بىر خاتىرە قالدۇردى،
كەلگەچ پۇرسەت بۇ قېتىم يۇقىرىغا بىلدۈردى.
قىلدى يەنە دوكلاتتا ھەقسىزلىقتىن شىكايەت،
ئۇيغۇرلارنىڭ، يەرلىكنىڭ تارتقىنىنى جىق كۈلپەت.
ئۆز ۋەتىنىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىشسىز - تەلمىسىز،
دېھقانلاردا سېلىق جىق، ھاشار ئىشلەر تىنىمسىز.
ئوقۇتالماس كەسپىمۇ، ياش-ئۆسمۈرلەر كوچىدا،
ئاق ئالۋاستى ياماشتى، ئېلىپ ساتار بوتكىدا.
سودىگەرلەر قىلالماس چەتئەللەرگە ساياھەت،
ئېكسپورتمۇ قىلالماس، سودىدا يوق كاپالەت.
چىقار بىزدىن بايلىق كۆپ، نېفىت يەنە تەبىئىي گاز،
ئالالمايمىز نېمىشقا بىز ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئاز.
دەل - دەرەخلەر كېسىلىپ، ئورمانلار جىق يۇلۇندى،
يايلاق قېزىپ - كولۇنۇپ، مال - چارۋاسىز
بۇلۇندى.
كۆچمەن كېلىپ ناھايىتى كۆپ، ئېتىز-ئېرىق تارايدى،
ئازلاپ سۇلار دەريادا، كۆللەر قۇرۇپ - قارايدى.
بىلمەمدۇ ھېچ مەركەزدە بۇ ئىشلارنى ئەسلىدىن،
ياكى سىلەر يول بەرگەن، بولغاچ ئوخشاش نەسلىدىن.
بۇنى ئاڭلاپ رەھبەرلەر، مەركەزدىكى ئەبلەخلەر،
دېدى خۇپسەن بولۇۋاپ، بىلمەپتىمىز ئەخمەقلەر.
ياخشى بولدى يەنە دەڭ، بارمۇ يەنە مەسلە،
بۇنى بىز ھەل قىلىمىز، خاتا بوپتۇ ئەسلىدە.
بۇنى راستىن دېدىمۇ؟ تىلى - دىلى بىرمىدۇ؟

<8>

رابىيەنىڭ خسلتى تىنم تاپماي ئىشلەشتۇر،
ئۆزى قلىپ ھەممىنى ھالال بلەن چىشلەشتۇر.
قايتىپ ئەزىز يۇرتىغا، چۈشتى يەنە ئىشىغا،
تىزىپ ئالدى يەنە جىق، يېڭى پىلان بېشىغا.
«8-مارت بازىرى» بولدى ناھايىتى بەك ئاۋات،
ئالغان ئىدى ئاياللار رابىيەدىن جىق ساۋات.
قىلدى ئۇلار تىرىشىپ، بىرنى ئون ھەسسە،
گۈلگە گۈل كەلتۈردى، پايدا بەس - بەستە.
ئىلھام ئالدى رابىيە ئاياللارنىڭ بۇ روھىدىن،
كۆرمىدى ھېچ تەقدىرنى پىشانىسى شورىدىن.
ئاياللاردا مۇجەسسەم نۇرغۇن ئىشنىڭ تۈگنى،
ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى - بۈگۈنى.
يىغدى بىر كۈن رابىيە ئاياللارنى بىر يەرگە،
خىتاب قىلدى ئۇلارغا يۈلىنىشكە بىر - بىرىگە.
شۇنىڭ بىلەن يىغىلدى ئاياللاردىن بىر مىڭى،
كەلدى ئۇلار بىر سەپكە، قۇردى غايە يېپيېڭى.
«مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى» ، ئاتالدى جەمئىيەت،
قىلىش ئىدى نىشانى ئەلگە كۆپ خىزمەت.
بولدى ئۇلار ياردەمدە يېتىم - يېسىر، ئانىسىزغا،
بولدى ھەتتا قۇتقازغۇچى ئىگىسىز ۋە قانىسىزغا.
بۇ ئارىدا قارا قىشتا يەر تەۋرىدى بىر يۇرتتا،
ۋەيران بولدى پەيزاۋات، قالدى خەلق سوغ-جۇتتا.
نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ بولدى خەلق ماكانسىز،
دۆلەت قېنى پارتىيە، قالغان ئۇلار ياردەمسىز.

بۇنى بىلگەن رابىيە، «مىڭ ئانا»نى جەملىدى،
ئۆزى باش بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئىئانە غەملىدى.
بېسىپ ئۇنى كوڭكىغا، ئۆزى بىرگە ئېلىپ كەلدى،
ئاۋام خەلق، ئاجىزغا چەكسىز سالام دىيەلىدى.
يىغىلغانتى خالايىق توپ - توپ بولۇپ مەيدانغا،
ئۇقار ئىدى ھەم دۇئا، ساخاۋەتچى مەردانغا.
شۇئان چىقتى رابىيەخان خەلق توپى- ئوتتۇرىغا،
دېدى، - شەرەپ- بۇرچىمىز ياردەم قىلىش يوقسۇلغا.
ئېلىڭلار ئەي ئەزىزلەر، كىيىم - كېچەك، نىئمەتتىن،
يەمەك - ئىچمەك ئېلىڭلار، ئۆكۈنمەڭلار قىسمەتتىن.
ئاللاھ بەرگەن تەقدىر بۇ بەندىلىرىنى سىناشقا،
سىلەر دېھقان جاپاكەش كۆنگەن بەكلا قىيناشقا.
تەسىرلىنىپ دىھقانلار كۆزلىرىگە ياش ئالدى،
«مىڭ ئانىلار» ياردىمى قەلبلەرگە ئىز سالدى.
خەلق ئىچىدە توقۇلدى «مىڭ ئانا»غا بىر قوشاق،
«مىڭ ئانا»غا مەدھىيە يېغىپ كەتتى مۇشۇنداق:
مىڭ ئانا، ھەي! مىڭ ئانا،
ئۇچقان پەرى كۆك ساما.
ئاجىزلارغا غەمخور بولۇپ،
بولدۇڭ ئەلگە باشپانا.
مىڭ ئانا، ھەي! مىڭ ئانا،
ئۇلۇغ خىسلەت يار ساڭا.
ئەل دەردىگە دەردمەنسەن،
قىلدۇق دۇئا كۆپ يانا.
مىڭ ئانا، ھەي! مىڭ ئانا،
بولدۇڭ ئۇلگە ئەل ـ ئارا.
قۇتقازغۇچى ھەمشىرە بولۇپ،

ساقايتتىڭسەن كۆپ يارا.
مىڭ ئانا، هەي! مىڭ ئانا،
باغرى بەكمۇ كەڭ تاشا.
قۇچۇپ يەنە شان-شەرەپ،
مىڭ يىلدىنمۇ كۆپ ياشا.

<9>

ماڭىدىكەن نىشانلىقلار ئۇنى قەتئىي قوغلىشىپ،
ياتىدىكەن نىشانسىزلار قۇرت كەبى لۆمۈشۈپ.
رابىيەنىڭ نىشانى مەزلۇم ئەلنى قۇتقۇزۇش،
تەقدىرىنى خەلقنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇش.
باش ئەگمەسلىك ياتلارغا،
قۇلاق سېلىش كۆپ داتلارغا.
هەر كۈن يازدى رابىيە قىسمەتلەرنى دەپتەرگە،
ناهەقچىلىق، زۇلۇمدىن توپلاپ چىقتى كۆپ بەلگە.
«كىمگە ئېيتاي دەردىمنى،
دەريا - دېڭىز، بېلىقتا.
قاچان يېتەر بۇ دەردلەر،
ئەرشى-ئەلا، ئۇلۇغقا.»
هەركۈن ئېيتىپ بۇ بېيتنى رابىيە كۆپ يىغلىدى،
دەرد - هەسرەتلەر لىققىدە يۈرىكىنى تىلغىدى.
سىدىقهاجى كەتكەنتى ئۇزاق بىر يات ئەلگە،
مۇڭدىشالماي هەر كۈنى قالدىغۇ تەك-يەككە.
ئەكەلدى پەرزەنتلىرىنى، يېنىغا ئېلىپ،
ئۆگەتتى تەجربە، هەر ئىشقا سېلىپ.
ئابلىكىم ۋە ئالىمجان بىر - بىرىدىن ئەقىللىق،
هەر ئىشلارنى يورۇتتى خېرىدارغا يېقىملىق.

رۆشەنگۈل ۋە راھىلە ئانىسىغا ھەمدەمدە،
ئوقۇپ ئۇلار مەكتەپتە، يېتىلدى ھەر قەدەمدە.
ئون بالىغا تويمىدى، يېتىملارنى باقتى ھەم،
ئۇيغۇر دېسە ھەممىنى، سۆيەتتى مەھكەم.
كىچىكلەرمۇ يىراقتا، دادىسىغا ھەمراھدۇر،
سىدىقھاجى دادىسى، بالىلىرىنى ئاسراردۇر.
دادىسىدىن سورايتى: قاچان كېلەر ئانىمىز،
ئاتا - ئانا مېھرىگە نە زامان بىز قانىمىز.
سىدىقھاجى دەيتى: شۇ ئاناڭلار ئۇلۇغتۇر،
چەتئەللەرگە چىقىشقا ھوقۇقىمۇ تولۇقتۇر.
بىلمەيسىلەر بالىلار خىتاي قىلدى شۇم نىيەت،
ئېلىۋېلىپ پاسپورتنى، قىلماقتىدۇر نەزەربەنت.
سىدىقھاجى دەيتى: ئاھ! قىلاتتى كۆپ مۇناجەت،
قېنى ئىنسان ھەققى دەپ قىلدى ھەمدە مۇراجەت.
كەلدى بىر كۈن خۇشخەۋەر، كونگرېستىن تۇيۇقسىز،
بارار ئىكەن ئۇيغۇر ۋەتىنىگە، تەكشۈرۈشكە ئىزمۇ-
ئىز.
سىدىقھاجى بۇ خەۋەرنى رابىيەگە ئىلەتتى،
ئەمما تەشۋىش ئىچىدە مۇۋاپىقىيەت تىلەيتى:
ئەي خۇدايا - ئىلاھىم، بولغىن بىزگە يار - يۆلەك،
مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياردەمچىسى يوق بۆلەك.
رابىيە تېز تۇتۇندى، يىغىپ ھۆججەت - شىكايەت،
ئەل زارىنى بىلدۈرۈش ئاسان كەلمەس بىر پۇرسەت.
رابىيە بەك ھاياجان، كۆز يۇممىدى كۆپ كېچە،
تەييارلىدى شىكايەت ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە.
ئەمما بولغان خەۋەردار ۋاڭ جاللاتمۇ بۇ سىردىن،
ئورۇنلاشتۇردى پايلاقچى ئەتراپلارغا بىر- بىردىن.

كۈتمەكتىدى پۈرسەت ئۇ رابىيەنى قارلاشنى،
تۆھمەت چاپلاپ بىكاردىن، تۈرمىسىگە قاماشنى.
يۈرمەكتىدى رابىيە پىكاپ بىلەن بىر جايغا،
ۋەدىلەشكەن ئىدى چەتتىن كەلگەن مېھمانغا.
يېرىم يولدا قورشىۋالدى رابىيەنى توختىتىپ،
تۇتتى كىشەنلەپ، تەھدىت بىلەن قورقىتىپ.
ئاقتۇرۇشتى ساقچى ئىتلار رابىيەنى، بوغچىنى،
ئېلىشىۋالدى ھۆججەت، ياندىكى ھەم ئاقچىنى.
دېدى ئۇلار رابىيەگە، ئۆتكۈزدىڭسەن جىنايەت،
ئاخباراتنى بېرىپ چەتكە، بىزگە قىلدىڭ خىيانەت.
سېنى سولاپ تۈرمىگە ھېساب - كىتاب ئالىمىز.
كۈچىمىزنى سېنىڭكى ئەس - يادىڭغا سالىمىز.

<10>

تۈرمە دېگەن قاراڭغۇ، زەي تاملىق بىر خان،
ساقچىسى بىر جاللاتتۇر، دەھشەتلىك قاۋان.
قىلمىشلىرى كەن ئۇ جايدا ئادەم بىر ھايۋان،
چىرىگەن نى-نى باتۇر، قالمىغان ئامان.

* * * * *

كىچىككىنە بىر كامېر كۈن چۈشمەيدۇ ئىچىگە،
دۇنيامۇ يا بىر دوزاخ، بىلىنمەس ھېچ كىشىگە.
سىلاپ باقتى تاملارنى بىر قولىنى ئۇزۇتۇپ،
تارقىلاتتى ئىچىدىن سېسىق ھاۋا پۇرۇتۇپ.
ئاللاھ!-دېدى رابىيە ئەس - ھوشىنى بىر يىغىپ،
بۇ دەھشەتتىن يۈرىكى سىقىرىدى تېز ئېغىپ.
ھەمدۇ ساناھ ئېيتتى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھ رەببىگە:

ساقلا مېنى ئى ئىلاھىم، ئۈزاتمىغىن قەبرىگە.
پۈككەن ئىدىم مىللەت ئۈچۈن كۆپ ئارزۇ - ئارماننى،
ئاتا قىلغىن كۈچ - غەيرەت، كەتكۈزمىگىن دەرماننى.
كۈچ - قۇدرىتى ئاللاھنىڭ رابىيەنى يۆلىدى،
شىرىن چۈشلەر، بىر ئارزۇ ئۇنى مەھكەم بۆلىدى.
دەيتى ھەر كۈن ئۆزىگە بۇ يەردىن ساق چىقىمەن!
ئۇلۇغ ئارزۇ - مەقسەتكە ھامان بىر كۈن يېتىمەن!
ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگىمىز ماڭا بەرگىن كۈچ - قۇۋۋەت،
خار قىلمىغىن ياۋلارغا، ئاتا قىلغىن بىر ھىممەت.
ئۆتكەزدى ئۇ كۈنلەرنى ئېتىقادتىن كۈچ ئېلىپ،
سوراقچىلار كىرگەندە، سۇئاللارغا گەپ تېپىپ.
دەيتى ئۇلار بىر كۈنى ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك؟
دەيتى يەنە بىر كۈنى ئەزا سانىڭ قانچىلىك؟
دەيتى ئۆتۈپ بىر كۈنى سەن چەتئەلگە باغلاندىڭ،
دەيتى يەنە بىر كۈنى سەن بۆلگۈنچى بولۇپ قالدىڭ.
جاۋاب بەردى رابىيە: «مەن يالغۇزمەن بىر ئۆزۈم،
بۆلگۈنچى ھېچ ئەمەسمەن، دېگەنلىرىم ھەق سۆزۈم.
خەلق دېيىش گۇناھمۇ؟ ۋەتەن دېيىش ئەيىبمۇ؟
تۈك ئۈندۈرمەك تۇخۇمدىن، بوپ قالدىڭىز كەيپمۇ؟
چەتئەللەرگە مەن پەقەت سودا ئۈچۈن بارغانمەن،
مەن توپلىغان ھۆججەتنى گېزىتلەردىن يازغانمەن.
گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش قانۇندىمۇ ئۇچۇقتۇ؟
ياكى قانۇن مەن ئۈچۈن قۇرۇق قەغەز- پۇچۇقمۇ؟
ياكى يوقمۇ سىلەردە ئادالەتتىن بىر ئەسەر؟
بولغاچ مەن ئۇيغۇر، تۆۋەنمىدىم بىر قەدەر؟»
«نېمە دېسەڭ بەربىر، بىز ئۈچۈن سەن مەھبۇس،
قانۇننى بىز تۈزىمىز، دېسەڭ بېكار ھەم ئەپسۇس.»

شۇندىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەلدى يوچۇن بىر خەۋەر،
بۇلار ئىمىش مەخپىي سوت، كەڭ خەلقتىن بىخەۋەر.
ئېلىپ كەلدى خۇپىيانە رابىيەنى بىر جايغا،
ئوقۇپ ئۆتتى دۇدۇقلاپ، ئالدىن يازغان بىر يارغا:
«رابىيە بىر جىنايەتچى قەستى دۆلەت پارچىلاش،
ئاخباراتنى چەتكە بېرىپ مەركەزنى قامچىلاش.
دەللى يېتەرلىك تەييار قىلدۇق ئۇنى بىز،
ئېتىبار قىلىپ ئۇنىڭغا يىنىك جازا بېرىمىز.
8 يىللىق كېسىلدى رابىيەگە بۇ بەك ئاز،
ئۆزگىرىپ ئۇ تۈرمىدە ئىدىيەسى بولار تاز».
بۇنى ئاڭلاپ رابىيە كۆزنى بىر ياشلىدى،
تۇتۇپ مەغرۇر قەددىنى ئۆز سۆزىنى باشلىدى:
«سەنلەردە يوق ئادالەت، سەنلەر تۆھمەتخور،
سەنلەردە يوق ئىنسانلىق، سەنلەر بىر قانخور.
ئەسلىدە مەن گۇناھسىز، ئاق خەسدەك ئاپئاپپاق.
سەنلەر تۆھمەت چاپلىدىڭ، ئۆزلىرىڭدە چوڭ چاتاق.
ناھەق جازا كېسىپسەن، قىلدىڭ مېنى سەكپارە،
بىر كۈن كېلۇر ھۆر زامان، بۇلار ھەممە ئاشكارە.»

<11>

* * * * *

ئۈمىد ئۇ ئىنساننى ياشتار ھامان،
ئۈمىدسىز ئىنسانلار بىر دۆۋە سامان.
ئۈمىدۋار بولسىلا ئىنسان ھەر ئىشتا،
يېتەر ئۇ نىشانغا، كەلگۇسى تامان.

* * * * *

خىتايلارنىڭ مەقسىتى رابىيەنى بەك خارلاش،
قىيناپ ئۇنى دەھشەتلىك، تۇۋۇا قىلىشقا زورلاش.
قاراڭغۇ بىر كامېرغا يەنە قايتا باغلاندى،
قارىيالمىدى يورۇقتا، يۈرەك باغرى داغلاندى.
بەرمىدى ھېچ رۇخسەتنى، يېزىشقا ۋە ئوقۇشقا،
سۆزلەتمىدى ھەم ئۇنى، ۋەتەن بېيىتى توقۇشقا.
ئۇرۇق - تۇققان، پەرزەنتلەر كېلەلمىدى يوقلاشقا،
بېرىلمىدى بۇردا نان قورساقنى بىر توقلاشقا.
كۆرسىتەتتى ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى خارلاشلار،
ئۇرۇپ - قىيناپ مەھبۇسنى ئاڭلىتاتتى زارلاشلار.
بىر مەھبۇس قىز بارتى، ساپ ئۇيغۇر قېنىدىن،
ئۆتەتتى ئۇ گاھىدا رابىيەنىڭ يېنىدىن.
بىر كۈنى ئۇ ئۇشتۇمتۇت رابىيەگە يولۇقتى،
سالام بېرىپ بولۇپلا، شۇنداق قاتتىق ھولۇقتى.
ئارقىدىكى گۇندىپاي بۇنى كۆرەپ قالدى بەس،
شۇندىن كېيىن بۇ قىزغا ھايات بولدى تەس.
تارتىلدى ئۇ جازاغا، قارىغانغا ئانىغا،
ئۇرۇپ بەكمۇ قېيىندى، باغلاندى تانىغا.
قۇلاق سالماس زالىملار مەزلۇملارنىڭ نالىغا،
ئېچىندى بەك رابىيە ئۇنىڭ بۇ خار ھالىغا.
بۇ دەھشەتتىن رابىيە بولدى قاتتىق نارازى،
يېمەي - ئىچمەي يەتتە كۈن،
كىرىپىك قاقماي كېچە - تۈن.
قىلدى «ئاچلىق ئېلانى» قىينالسىمۇ جان - زارى.
ئالاق - جالاق بولۇشتى ساقچىلار ۋە گۇندىپاي،
دېدى «نېمە شەرتىڭ بار، ئورۇنلايلى ھېچ قويماي».

دېدى شەرت قىلىپ رابىيە:
«بۇ تۆرمىدە ئەمدى ئادەم ئۇرۇشنى توختات،
سەنلەرنىڭ بۇ قىلمىشى ئىنسانلىقتا بەكمۇ يات.
كىلەر ئىدى ياندىن بىر مەزلۇمنىڭ پەريادى،
توۋلايتى توختىماي سۇيۇقئاشكەن ئەس- يادى.
بىر چىنە بولسىمۇ سۇيۇقئاش بارمىدۇ بۇ دۇنيادا؟
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن، ئۇنى ئىچسەم شۇئاندا.
بىرىلسۇن بۇ مەزلۇمغا سۇيۇقئاشتىن بىر چىنە،
ئاچلىقتىن ئۇ ئۆلمىسۇن، تىلىۋالاي مەن يەنە.
تاماقلارنى ياخشىلا، هايۋان ئەمەس بىز ئىنسان،
ئاڭلايمەن هەر كۈنى، ئاش- نان دېگەن بىر زۇۋان.
قاراڭغۇ زەي كامىردا سېسىق پۇراق جان قىينار،
چىقار مېنى سىرتقا بولسۇن ماڭا نەپەس يار.
يۈز تۇرانە قىلىشقىن جان - جىگىرىم بالامغا،
سالام - سائەت دېۋالاي مېھرىبانىم ئاتامغا.»
رابىيەنىڭ شەرتلىرى ئورۇندالدى بىردىن - بىر،
بار ئىكەنمىش بۇيرۇقى يوقۇرىنىڭ شۇنداق بىر.
«رابىيەنى ئۇرماڭلار، قىينىماڭلار هەر زامان،
ئالاهىدە مەهبۇس ئۇ، يولدىشىمۇ بەك يامان.
ئامېرىكىدا ،سارايدا ئۇنى ئالدى تىزىمگە،
پارلامېنتنىڭ هەتتاكى تەلپىمۇ بار بىزگە.
رابىيە تېز هۆر بولسۇن، ناهەق تۇتۇپ تۇرماڭلار،
هالى خاراپ بولمىسۇن، قىيناپ قەتئىي ئۇرماڭلار.»
رابىيەنى يۆتكىدى بۇ يەردىن باشقا ياققا،
راهەتلەتمەك بوپتىمىش، تاشقىرىدىن قورققاچقا.
يېڭى يەرمۇ دوزاخكەن، مەهبۇسلار هەم ساناقسىز،
ئىشلەر ئىكەن هايۋاندەك، بۇلار ئىكەن كۆپ ساقسىز.

ھەممىسلا ياش يىگىت، قىزلارمۇ ھەم بىر تالاي،
گۇندىپايلار خۇددى ئىت، تالار ئادەم ھېچ تىنماي.
جاڭ ئىسمىلىك بېشەمكەن گۇندىپاينىڭ بېشىمۇ،
زۇلۇم سالار قىزلارغا، قۇرىمىدى يېشىمۇ.
قىلدى جاڭ ھەم بىر كۈنى رابىيەگە يولسىزلىق،
ياتاقدىشى چاۋ قىلار چېقىمچىلىق، قىلىقسىزلىق.
بىرى دېدى رابىيەنى «بۆلگۈنچى سەن بەك قاششاق»،
بىرى دېدى ھېچ ئۇيالماي «ئۇردى مېنى بىر شاپىلاق».
كۈرمىڭ تۆھمەت توقۇلدى،
رابىيە كۆپ چۇقۇلدى.
تۈرمە ئىدى ئىت - چايانلار، جاللاتلارنىڭ دەرگاھى،
ئىرادىلىك رابىيەگە بولدى چىدام ھەمراھى.
چىشنى چىڭ چىشلىدى، ئىشنىمۇ ھەم ئىشلىدى،
خورلىنىشلار، ئېغىر ئەمگەك رابىيەنى بىلىدى.
سىياسى دەرس مۇئەللىمى دېدى «خۇدا يوق،
كومپارتىيە بولغاچقا ئادەملەردە قورساق توق».
بۇ كۈپرىگە غەزەپلىنىپ،
دەھرى ماۋغا نەپرەتلىنىپ،
تۇرۇپ ئورنىدىن رابىيە جاۋاب بەردى مەردانە،
«سۆزلىمە سەن يالغاننى خۇدا بىردۇر يىگانە.
دىنىنى دېمە خۇراپاتلىق، دىنى ئىسلام مەدەنىيەت،
دىنى بىلەن ئادەم ياشنار، ئۇنىڭدىندۇر چىن ھېكمەت.
دىن بولغاچقا ئىنسان ياشار شاد - بەختىيار،
ئىسلامى قائىدە - ئەخلاق ئىنسانلارنى ياشنىتار.»
شۇنىڭدىن كېيىن جازالىدى رابىيەنى ھەسسىلەپ،
باستۇرۇقتا تۇتۇلدى قارا كامىردا ھەپتىلەپ.
تۈمەن جازا، ھەرخىل ئازاب پۈكەلمىدى دىلىنى،

ھەمدەم بولدى ئۇلۇغ ئارزۇ ئازاد قىلىش ئېلنى.

<12>

ھىيلىگەر ۋە سۇيىقەستچى خىتايلارنىڭ خۇي ئەسلى،
ئاجىزلارنى خار ئەيلەش قىلغان داۋام ھەر نەسلى.
ئەمما كۈچلۈك ئالدىدا ھىجىيار ئۇ تۈلكىدەك،
پۇرسەت كۈتەر خۇپىيانە بولسىمۇ گەر ئۆلگۈدەك.
كەلدى بېسىم تاشقىرىدىن رابىيەنى تەرىپلەپ،
ھەتتا قانۇن چىقاردى تۇتقۇنلۇقنى ئەيىبلەپ.
ئەمدى چۈشتى خىتايلار بىر تەرەپتىن ئەندىشىگە،
ھەمدە قۇردى سۇيىقەست، شۇم مەقسەتكە يېتىشكە.
«كېسىلىڭ بار سېنىڭكى، داۋالايمىز بىز سېنى»
دېدى خىتاي ئەمەلدار يېپيېپ ساختىا يۈزىنى.
كېسەل بولسا يۈرەكتە ئۆزى نېمىشقا بىلمەيتى،
بۇ سۇيىقەستنى تۇيدى- دە، دورا بەرسە يېمەيتى.
بۇ كارامەت تۇيغۇنى ئاللاھ دىلىغا ئورناتقان،
چۈشىمدى ھەم تۇزاقنى، خىزىر ئاڭا يولۇققان.
گۇندىپاي ۋە دوختۇرلار ئەرۋاھلاردەك يۈرەتتى،
كېچە - كۈندۈز كۆزلۈتۈپ، بىر ئالامەت كۈتەتتى.
ئەرزائىلدەك ئۇلار دەم جان ئىستىسە ھومۇيۇپ،
تۇرۇپ ھەيران قالاتتى نا ئۈمىد بولۇپ دومسۇيۇپ.
يېتەلمىدى ئۇلار ھەم مەقسىدىگە بەك ئاسان،
رابىيە بەك سەگەكتى، قەلبىدە ئۇلۇغ ئارمان.
نەيرەڭلەرنىڭ سانى يوق، خۇددى ئىتنىڭ تۈكىدەك،
يەنە تاپتى يېڭىنى، نام - ئابروينى تۆككىدەك.
ئۇرۇپ شاپلاق كۆتىگە دېدى مۇنداق خۇپسانە،
«رابىيە بەك ئۆزگەردى، قىلدۇق شەپقەت بىز يەنە.

قىسقارتىلدى جازاسى، بەردۇق پۇرسەت ئۇنىڭغا،
كىم ئۆزگەرسە توۋا قىلىپ، مۇكاپات بار شۇنىڭغا.»
بۇنى ئاڭلاپ مەھبۇسلار سىياسىي دەپ قامالغان،
قارىمىدى ئەمدى ئانىغا، ئۇلۇغ سالام يوقالغان.
ھېلىستى دۈشمەننىڭ ،توقۇغىنى بۇ تۆھمەت،
ئاقلاپ ئۆزىنى قەپەزدە، قىلالمايتتى بىر سۆھبەت.
ئاشتى شۇنداق خىتايلار تۈلكىدىنمۇ مىڭ ھەسسە،
بۇلالمىدى خاتىرجەم چۇلغىۋالدى ۋەسۋەسە.
دېدى بىرسى «قىلدۇق بىز ساڭا بەكمۇ ئىتىبار،
بەرگىن بىزگە ۋەدە، قىلما بىزنى شەرمى-خار.
ئېيتما سىرىنى تۇرمىنىڭ، تۆكۈلمىسۇن يۈزىمىز،
بىزمۇ قىلدۇق خاتالار، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز.
ئامال يوقتۇر بىزگىمۇ، تۇرالمايمىز ھاكىم بولۇپ،
بولمىساق مۇشتۇمزۇر، ئۇخلالمايمىز تېخى خوپ.
تەبئىتىمىز بىزنىڭكى بوزەك قىلىش ياتلارنى،
تىڭشىمايمىز ھېچقاچان باشقىلاردىن داتلارنى.
رەنجىسەڭمۇ بەرىبىر، خۇي - پەيلىمىز ئۆزگەرمەس،
تاپالايمىز يەنە كۆپ، چارىمىز ھېچ تۈگىمەس.»
كەلدى بۇ چاغ غەزەپكە رابىيە بەك تېرىكىپ،
«گەپلىرىڭنى ئېنىق دە، كەتتىم سەندىن زېرىكىپ.»
دېدى باشلىق ئاتالغان كۆزەينەكلىك بىر خىتاي،
«ئاڭلاپ تۇرغىن جىم، ئەمدى ساڭا راست ئېيتاي.
قىلدى مەركەز بۇيرۇق، سېنى ئەركىن قويۇشقا،
بىزگە ئەمدى چارە يوق، سېنى يەنە تۇتۇشقا.
سەن چىقىپلا ئاينىساڭ، باللىرىڭ تۇتۇلار،
بىزدىكى كۆپ چارىدىن، كىممۇ قېچىپ قۇتۇلار.
ئەقلىڭنى ئىشقا سال، خالىساڭ باي قالىسەن،

ھەر ئىشلىرىڭ يۈرۈشەر بىزدىن مەنپەئەت ئالسەن.
بىزگە قارشى تۇرمىساڭ، تىنچ ياشايسەن پاراغەت،
گەر ئويلىساڭ باشقىنى، كۆرمەيسەن ھېچ شاپائەت.
بولار ۋەيران باللىرىڭ، قالماس ھېچ بىر ماللىرىڭ،
قىلساڭ ئۇ چاغ پۇشايمان، ئەسقاتمايدۇ نالەلىرىڭ.»
بۇنى ئاڭلاپ رابىيە ھېچبىر قورقۇپ كەتمىدى،
شۈكرى ئېيتتى ئاللاھغا، ياۋغا تەزىم ئەتمىدى.

<13>

رابىيە ئىتىقادى چىڭ، بىر ئاللاھغا سادىقتى،
ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتى ھەم ئۇنىڭغا لايىقتى.
كۆتەتتى ئۇ دائىما غايىبانە بىر ھىممەت،
ئىشىنەتتى ھەم ،ئاللاھ قىلار بىر رەھمەت.
مانا يەتتى رەببىگە ئاخىر ئۇنىڭ تىلىگى،
ئازاد بولدى تۈرمىدىن، شادقا تولدى يۈرىگى.
2005 (- يىل) مارت ئېيى، ئىشلار بولدى باشقىچە،
چاقىرىلدى قاق سەھەر، كىرپىك قاقماي ياتقىچە.
ئېلىپ ماڭدى بەك مەخپىي ئايرودروم يول تامان،
ئايروپىلان ئۇچقاندا، بولدى ھەمرا كۆك ئاسمان.
ئۇچۇپ كەلگەن بۇ يەر بېيجىڭ دېگەن يىراقكەن،
رابىيەنى سېغىندۇرغان ۋەتەن ئىشقى - پىراقكەن.
ئېلىپ چۈشتى رابىيەنى، 4-5 كىشى ناتونۇش،
بۇلار ئىكەن ئەمەلدار تۇرقىدىنلا بەك ناخۇش.
گەپ باشلىدى بىرى شۇئان بوغۇزىنى قىقىپ،
رابىيەمۇ ئاڭلىماقتا ئەتراپىغا بىر بېقىپ.
«رابىيە سەن ئۆزەڭچە ئىنسان ھەققى يوق دەيسەن،

مىللىتىم دەپ ۋارقىراپ ،بىز خەنلەرنى يەكلەيسەن.
بىلىپ قويغىن سەن يەنە، 20 يىل كۆپ ئەمەس،
ئۇيغۇر دېگەن يوقىلار بىز ئۆچۈن ئۇ كېرەكمەس.
ئامېرىكىغا بارغاندا بىزگە قارشى سۆزلىمە،
ۋەتىنىم دەپ ھەرگىزمۇ مۇستەقىللىق كۆزلىمە.
بۆلگۈنچىلىك قىلمىغىن جۇڭگو دېگەن چوڭ دۆلەت،
ھوشۇڭنى تېپۋال، تارتماي دېسەڭ كۆپ كۈلپەت.»
رابىيە بىر سىلكىنىپ ئۆزىگە تېز كېلىۋالدى،
مەن چوڭ دېگەن خىتاينىڭ سۆزىنى ئىلىۋالدى:
«ئىنسان ھەققى مۇقەددەس، ب د ت مۇ كۆپ دەيدۇ،
كىم ئۇنى پايخان قىلسا، ئادالەتتىن مۇشت يەيدۇ.
مىللىتىم دېيىشكە ھەممىدىن بەك ھەققىم بار،
چۈنكى ئۇيغۇر باشقىدۇر، خەنزۇدىن پەرقى بار.
ئۇيغۇر خەندىن ئىلگىرى ھۆرلۈك تاجى تاقىغان،
بولغان ئايرىم دۆلەتتى سەن خەنلەرگە باقمىغان.
باردۇر ئايرىم بىر تىلى، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت،
يوقالمايدۇ ئۇيغۇرلار، ياشنار مەڭگۈ - تائابەت.»
بۇنى ئاڭلاپ خىتايلار شەلپەرگىدەك قىزاردى،
تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، جان چىققاندەك سېزەردى.
كەلدى شۇئان ئەلچىلەر ئامېرىكچە چاس بېرىپ،
خىتاي بولدى پاي - پېتەك، يول بەردى سەپ يېرىپ.
سۆزلەپ كەتتى يات تىلدا،
ھېسسىياتى بار دىلدا،
«بېرىڭلار تاپشۇرۇپ رابىيەنى بىزگە،
تەبرىك! تەبرىك! تەبرىكلەر سىزگە!
سىز بولدىڭىز ئەركىن بۆگۈندىن باشلاپ،
تۇرماڭ ئەمدى ھەرگىز كۆزىڭىزنى ياشلاپ.

مانا بېلەت، مانا پۇل، ئامېرىكىغا ئۇچسىز،
بېرىپ ئەركىن دۇنياغا غەلىبىلەر قۇچسىز.»

<14>

شەھىرى پايتەخت ۋاشىنگتون،
ھۆرلۈككە ياپقان كۆپ تون.
قوندۇرۇۋالدىڭ سەن بىر مېھماننى،
كۈتۈۋالدىڭ قۇچاق ئېچىپ ئۇنى.

* * * * * *

رابىيە! رابىيە! خۇش كەلدىڭىز ئانا!
ئانا، ئانا، تىنچ كەلدىڭىزمۇ جان ئانا؟
رابىيە! ، تىنچ كەلدىڭمۇ ئەي يايرىم،
قېنى كەل قۇچاقلاي! ئەي غەمگۈزارىم!
ياڭرىدى تەرەپ - تەرەپتىن جاراڭلىق سادا،
ئەنە يۈرەك پارى
ئەنە سۆيگەن يارى
دوست - يارەن، ئەزىز خەلقى كۆز ئالدىدا.
رابىيەمۇ سالام سالدى،
كۆڭلى بىراز ئارام ئالدى.
ئاھ! مېنىڭ سەبى قوزىلىرىم، يولدىشىم!
ئاھ! مېنىڭ يۇرتداشلىرىم-جان قولدىشىم!
ھەممىڭلارغا سالام مەندىن،
سالام يەنە ئانا ۋەتەندىن.
شۇندىلا يۈرەك تارى تىترىدى،
تونۇش ھىدلار - پۇراقلار، ئاۋازلار،
ئۇنى چەكسىز ھاياجانغا ئورىدى.

قالدى بىردىنلا ئۆزىنى ھېچ تۇتالماي،
سۆزلەپ كەتتى دەردىنى ئىچىگە يۇتالماي.
«مەن كەلدىم يېنىڭلارغا تىنچ - ئامان،
ئەمما قالدى خەلقىم مېنىڭ رەڭگى سامان.
تەلپۈنمەكتە مەزلۇم خەلقىمىز ھۆرلۈككە،
زۇلۇم خەنجىرى سانجىلىپ يەتتى سۆڭەككە.
قالدى نى ـ نى يىگىتلەر قارا زىندانغا باغلىنىپ،
ھاقارەت، كالتەك ـ توقماقتا يۈرەكلىرى داغلىنىپ.
قالدى يەنە خانىم ـ قىزلار ئەركى بوغۇلۇپ،
تۇتماي تۇرۇپ تولغىقى ئۆز
ئاچماي تۇرۇپ دۇنياغا كۆز
ئۆلدى نۇرغۇن بوۋاقلار تۇغۇلماي تۇرۇپ.
قالغان ئىدى رابىيەنىڭ ئەس ـ يادى ۋەتەندە،
ئاڭلاتماقچى بولغان ئىدى تاشقىرىغا نۆۋەتتە.
كۆپ ئۆتمەستىن رابىيە چىقىپ ھۆرلۈككە،
ئاتلاندى ھېچ تۇرماستىن كۈرەش سېپىگە.
زىيارەتچى، ژۇرنالىستلار مىققىدىلا ئورىۋالدى،
مىللەت ـ خەلق زارى، كۆپ نەرسىنى سورىۋالدى.
تەكلىپلەر، يىغىن ـ سۆھبەت باشلاندى بىردىن،
كەلدى پۇرسەت ئاڭلىتىشقا مىللەتنىڭ دەردىن.
كونگرېستا بەردى گۇۋاھلىق قانچە قېتىم،
مىللىتىنىڭ باشپاناھسىز قالغىنىنى يېتىم.
ب د ت، جەنۋەلەرگە كەلدى قانچە رەت،
دوكلاتلار ھەقسىزلىقتىن سۇندى نۇرغۇن بەت.
ماڭدى، ئۇچتى ھېلى ياپونىيە، ھېلى ياۋروپادا،
ھاردىم، تالدىم دېمىدى قالسىمۇ كۆپ جاپادا.
ئېچىلدى مىيۇنخېندا بۈيۈك قۇرۇلتاي،

كەلدى جاپاكەش ئانا تېگىرقىماي.
يىغىن ئېچىلدى ناھايىتى ھەيۋەتلىك،
مەقسەت ئىدى تىكلىمەك بىرلىك.
ئۇلۇغ ئانا رابىيە دېيىلدى، مىللەت ئانىسى،
تاج كەيدى شەرەپ بىلەن مىللەت ئانىسى.
رەئىس بولۇپ ئالدى قولىغا ۋەتەن داۋاسى،
مەقسىدىتى ياڭرىتىش مىللەت ساداسى.
بولدى لايىق شۇنداق يۈكسەك شەرەپكە،
ئاستى مىللەت ئىزناك قەلب تەرەپكە

* * * * * *

## خاتىمە

### رابىيە قادىر ناخشىسى

ھەي ئانا، ئۇلۇغ ئانا، رابىيە ئانا،
سەن بولدۇڭ خەلقىڭگە ھازىدار ئانا،
ئاتىدىڭ بارلىقىڭنى مىللەتكە ئانا،
سەن ئۇيغۇر خەلقىگە مەڭگۈلۈك ئانا.

جان پىدا قىلدىڭسەن مىللىتىڭ ئۈچۈن،
يىغىسىنى يىغلىدىڭ ھەر بالاڭ ئۈچۈن،
قىلغاندا شۇم ياۋلار ۋەتەننى خاراپ،
بولدۇڭسەن دەۋاگەر مەزلۇملار ئۈچۈن.

ھارمىدىڭ، تالمىدىڭ خەلقىم دەپ ھەردەم،
تاپتىڭ پۇل، ئاتىدىڭ مىللىتىڭگە ھەم،
بايلىقىڭ كەتسىمۇ ياۋلارغا يەم بولۇپ،
دېمىدىڭ بىر توۋا، قىلمىدىڭ ھېچ غەم.

ئۆتىدىڭ بەدەللەر ئۆمۈر بۇيى سەن،
دېمىدىڭ ھەرگىزمۇ تۆھپىكار بەك مەن،
كەمتەرلىك بابىدا سەن بىر چولپانسەن،
ياندىڭسەن شام بولۇپ قاراڭغۇدا سەن.

تىكلىدىڭ قەلبىڭدە ئىشەنچ ھۆرلۈككە،
بولدۇڭسەن يۆلەنچۈك مۇھتاج خەلقكە،
جېنىڭنى ئاتىدىڭ ۋەتەن - مىللەتكە،
يېتەرسەن سەن چوقۇم ئاخىر تىلەككە.